# ئابدۇرېھىم دۆلەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : زۇلھامىي


- ياشلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك سۇئاللار.............................01
- يېڭى ئەسىرنىڭ كۈچلۈكلىرى كىم ؟ ..............................12
- پەلسەپە ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز ..............................22
- ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم .........................................34
- جاھاندا ئەڭ قاتتىق نەرسە نېمە ؟ ...............................57


## ياشلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك سۇئاللار

( ئابدۇرېھىم دۆلەت)

ھايات مەقسەت ئەمەس، بىر جەريان. مەن ئەزەلدىن شۇنداق قاراشتا. ياشلىق پەقەت ھاياتتىن ئىبارەت ئۇزاق بىر جەرياندىكى مەلۇم بىر مەزگىلدىن ئىبارەت. ئەمما، ياشلىقتىن ئىبارەت بۇ قىسقا مەزگىل ئۇزاق ھايات سەپىرىنىڭ مەنزىلىنى بەلگىلەيدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ياكى غەلىبىلىك ياشىشىمىزنى بەلگىلەيدىغان بىر ھالقىلىق جەريان. ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۆز ئۆمرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، بىر پۈتۈن ھاياتىنى كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتكۈزگىنىدە، چوقۇم ياشلىقىدا سادىر قىلغان خاتالىق، ئەخمەقلىقىدىن چەكسىز ئۆكۈنىدۇ؛ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ؛ ياشلىقىم قايتا قولغا كەلسە، چوقۇم ئۇنداق قىلماي، مۇنداق

قىلغان بولاتتىم، مۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلىۋالسام بوپتىكەن دەپ ئويلايدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، قانداق ياشىشى دەل مۇشۇ ياشلىق مەزگىلىدە بەلگىلىنىدۇ.

ئەگەر بىز ھاياتنى بىزگە ھەدىيە قىلىنغان بىر سوۋغات دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ياشلىق بۇ سوۋغاتنىڭ جەۋھىرىدۇر. بۇرۇن بىر يىگىت سەپەرگە چىقىپ بىر تاغقا كەپتۇ. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ئىكەن. يىگىت ئالدىدىكى جىلغىدىن مېڭىۋېرەي دەپ تۇرسا، تۇساتتىن بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ ۋە يىگىتكە:»ئالدىڭغا ئۇچرىغان، پۇتۇڭ دەسسىگەن تاشلارنىڭ ھەممىسنى ئېلىپ ماڭ دەپتۇ«. شۇنىڭ بىلەن يىگىت پۇتىغا تەگكەن تاشلارنىڭ ھەممىسنى ئېلىپ خۇرجۇنغا سېلىپ مېڭىپتۇ. تاشنى سېلىۋېرىپ خۇرجۇنمۇ توشۇپ قاپتۇ ۋە بارغانسېرى ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىت بۇ تاشلارنى نېمىمۇ قىلارمەن دەپ خۇرجۇندىكى تاشلارنى تاشلىۋېتىپتۇ ۋە قولدا بىرنى ئوينىغاچ مېڭىپتۇ. يىگىت ئاخىر جىلغىدىن چىقىپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ. قولىغاشۇنداق قارىسا، قولىدىكىسى تاش ئەمەس، گۆھەر ئىكەن. يىگىت بۇنى كۆرۈپ چەكسىز پۇشايمان قىپتۇ ۋە جىلغىغا قايتا كىرىپ، تاشلىۋەتكەن گۆھەرلەرنى ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ.

دېمەك، ياشلىق ئەنە شۇ گۆھەرگە ئوخشاش بىر قېتىم يوقىتىپ قويۇلسا، قايتا تېپىۋالغىلى بولمايدىغان بايلىقتۇر. بەلكىم، مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز ئەنە شۇ يىگىتتەك نادامەتلەرنى چېكىپ باققان بولۇشىمىز مۇمكىن. قايسى خىل مەھرۇملۇق ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدۇ؟ مېنىڭچە، قايتا ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى يوقىتىپ قويۇش. پۇلىمىزنى يوقىتىپ قويساق، يەنە تاپالىشىمىز مۇمكىن؛ ئابرۇيىمىز تۆكۈلۈپ كەتسىمۇ، قايتا تىكلىۋالالىشىمىز مۇمكىن؛ دوستىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق، يەنە يېڭى دوست تاپالىشىمىز مۇمكىن؛ ئەمما پەقەت ھاياتنىلا قايتا تاپقىلى، ئۇنىڭغا

قايتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بىر قېتىملىق ئىكەنلىكىدە. شۇڭا، ھاياتنىڭ، ياشلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، قىممىتىنى چوقۇم ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغاندا، يەنى قېرىغاندا بىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، مۇھىمى ئۇنى قولىمىزدىكى ۋاقىتتا بىلىشتە.ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

بەلكىم، تۆۋەندىكى بىرنەچچە سوئالغا ئەستايىدىل، سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىش بىزنىڭ قانداق قىلىشىمىزغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن.

بىرىنچى، سىز ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك دەپ قارامسىز؟

بۇ سوئال ھېچكىمگە يېڭىلىق تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى، بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكى ھەققىدىكى پەند - نەسىھەت، تەربىيىلەر ئاستىدا چوڭ بولغان، بولۇپمۇ مەكتەپتە. ئەمما، ئارىمىزدا ھاياتنىڭ نېمىلىكى، مەنىسى، قانداق ياشاش كېرەكلىكى ھەققىدە تۈزۈكرەك باش قاتۇرۇپ باققانلار بەكلا ئاز. بىز ھېچبولمىغاندا، ھازىر كۈنىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزغا قارىساقلا، بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. مېنىڭ قارىشىمچە، ياشلارنىڭ ئۆز ياشلىقىنى نېمىلەرگە سەرپ قىلىشى، قانداق ئۆتكۈزۈشى، ئۇلارنىڭ ھاياتتىن ئىبارەت بىباھا، ئەمما ھەقسىز سوۋغاتنى قانداق چۈشىنىشىگە باغلىق.

شۇڭا «ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك» دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق ھەربىر ياشنىڭ ئۆز ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشىنى بەلگىلەيدۇ.ئۇنداقتا، بۇ يەردىكى «مەنە» زادى نېمىنى كۆزدە تۇتىدۇ ياكى زادى نېمە ئىش قىلسا، ھايات مەنىگە ئىگە بولىدۇ؟

بۇ سوئالغا كونكرېت جاۋاب بېرىش قىيىن، چۈنكى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىنى مەنىگە ئىگە قىلىشتىكى ۋاستىسى، ئۇسۇلى، ئىش - ھەرىكىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

بەزىلەر يېزىپ، بەزىلەر سىزىپ، بەزىلەر يۇگۈرۈپ، بەزىلەر ئويناپ، بەزىلەر ئويلىنىپ ... ھاياتنى بەلگىلىك مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. ھاياتنىڭ قانداق مەنىگە ئىگە بولۇشى شەخسنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنىڭ نېمىلكى، ئۇلارنى قايسى مەقسەت ـ مۇددىئادا قىلىۋاتقانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى سوئالغا گەرچە كونكېرت جاۋاب بەرگىلى بولمىسىمۇ، ئومۇمىي ھالەتنى نەزەردە تۇتۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن، ئەلۋەتتە، مەن بۇنى ئەڭ ئۆلچەملىك جاۋاب دېمەكچى ئەمەس، بۇ پەقەت مېنىڭ شەخسىي قارىشىم:

ھاياتنىڭ مەنىسى دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش يولىدىكى تۆلگەن بەدىلى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسى ياكى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرغاندا، مەلۇم نىشانغا يېتىشتىكى تىرىشىش جەريانىدىن ئىبارەت. گەرچە كۆزلەنگەن مەقسەت تولۇق ئىشقا ئاشمىغاندىمۇ، شۇ مەقسەت ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق شۇ ھاياتنى مەقسەتسىز ياشىغان ھاياتتىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ يەردە ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىشتا مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تۈپ شەرت قىلماسلىقتىكى سەۋەب شۇكى، مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇتلەق ئەمەس ھەم مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى شۇ مەقسەت ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشىش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش. ھاياتتىكى بىز دېگەن »مەنە مانا مۇشۇ جەرياندا پەيدا بولىدۇ. دېمەك، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەنىسىز ھايات مەقسەتسىز ھاياتتۇر، مەقسەتسىز ھاياتتا مەنە بولمايدۇ. مەنە مەقسەتنى شەرت قىلىدۇ. مەسىلە نېمىنى مەقسەت قىلىش ۋە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق ۋاستە قوللىنىشتا.

ئەمما، دۇنيادا ھاياتنىڭ مەقسەتسىزلىكىنى، ياشاشنىڭ مەنىسىزلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارمۇ، تۇغۇلۇش تاسادىپىيلىق، ياشاش ۋەزىپە دەپ قارايدىغانلارمۇ يوق

ئەمەس. هاياتتا گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىنسانلار تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ساختىلىق؛ ئىنسانلار كۆزلەۋاتقان گۈزەل غايىلەر، مەدھىيىلەۋاتقان گۈزەللىكلەر ماھىيەتتە ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان ساختا تۇيغۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ غايىلەرگە يەتكىلى بولمايدۇ، بۇ خىل غايىنى قوغلىشىش قۇملۇقتىكى ئالۋۇننى قوغلىغاندەك بىر بىھۇدە ئەخمەقانىلىك؛ ئىنسانلار گۈزەللىكنى قوغلىشىپ، مۇكەممەل ئادەم بولىمىز دەپ ئۆزلىرىگە ئەمەلگە ئاشمايدىغان غايىنى يۈكلەپ، ئۆزلىرىنى ئازابلايدۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەل بولىمىز دېيىشى خۇددى ئىلاھ بولىمىز دېگەندەك بىھۇدە ئەخمەقانىلىك؛ شۇڭا ئىنسان بۇنداق يەتكىلى بولمايدىغان غايىنى قوغلىشىپ ئۆزىنى ئازابلىماسلىقى، ئالدىماسلىقى كېرەك، ئۆزىگە پرىنسىپ ـ قائىدىلەرنى بەلگىلەپ، پۇت ـ قولىنى چۈشەپ يۈرمەي، ئەركىن، چەكلىمىسىز ياشىشى، مۇكەممەل ياكى ياخشى ئادەم بولىمەن دېگەن غايىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك، شۇندىلا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە لايىق ياشىغان بولىدۇ ... مانا بۇ خىل قاراشلار كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلىككە، پرىنسىپسىزلىققا، ئۆزىنى قويۇۋېتىشكە باشلايدۇ. بۇنداق بولغاندا ھاياتتىكى ھەممە نەرسە رەزىلدەك، دۇنيادا گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەستەك بىلىنىپ، ھايات بىر ئەھمىيەتسىز جەريانغا ئايلىنىدۇ.

توغرا، ھاياتتا رەزىللىك مەۋجۇت، رەزىللىك بەلكىم گۈزەللىكنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ساختىلىق چىنلىقنىڭ تونىنى كىيىۋالغان بولۇشى، بەزىدە رەزىللىك گۈزەللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، ھەتتا بۇ خىل ھالەت خېلى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، رەزىللىكنىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭ بەرھەقلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەس ياكى رەزىللىكنى قوبۇل قىلساق بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس، رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى گۈزەللىكنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئىسپاتىمۇ ئەمەس. بىز تېخىمۇ

چوڭقۇر ئويلانساق، رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى گۈزەللىكنىڭ يوقلۇقى ئەمەس، بەلكى بارلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. چۈنكى، دۇنيا قوش قۇتۇپتىن تۈزۈلگەن، بۇ ھەممە كىشى قوبۇل قىلىدىغان بىر ھەقىقەت. مەسىلە ئادەملەرنىڭ قايسىسىنى تاللىشىدا. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى، ياخشىلىقنى سۆيۈشى ئىنسان تەبىئىتىگە كۆمۈلگەن، شۇنداقلا يامانلىققا مايىل بولۇش، رەزىللىكنى خالاشمۇ ئوخشاشلا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياخشى ئادەم بولۇش يامان ئادەم بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار. ئىنساننىڭ گۈزەللىككە مايىل تەرىپى يامانلىققا مايىل تەرىپىنى مۇتلەق يوقىتالايدۇ دەپ چۈشىنىشمۇ توغرا ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى بىر خىل مۇتلەق مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، پەرىشتىلەرچە مەقامنى كۆزلەش، ئەگەر ئۇنداق مەقامغا يېتەلمىسە، گۈزەللىككە ئىنتىلمەسلىك كېرەك، ئۇ بىھۇدىلىك دەپ چۈشەنمىسەكمۇ خاتالاشقان بولىمىز. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: ئىنسان ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە، ئەڭ زور دەرىجىدە مۇكەممەل بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك، مۇتلەق مۇكەممەل بولالمىغىنىدىن ئەپسۇسلانمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇتلەق پەللىگە ئىنسان يېتەلمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئىنسان ئۆز تەبىئىتىنىڭ ياخشى تەرىپى بىلەن يامان تەرىپىنى بىسىپ، ئۇنى ئىپادىلىنىشتىن توسۇش، شۇنداقلا ئۆز نەپسىنى ئەقىل - ئېڭى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە كونترول قىلىشتۇر. ھاياتتا ئىنساننىڭ قانداقلىقى ھاياتتىكى نىشانىغا يېتىش جەريانىدا ۋە قوللانغان ۋاستىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسان ئۆز ھاياتىدا خاتالىق ۋە يامانلىقتىن ئەڭ زور دەرىجىدە ساقلىنالىسا، قىلغان ياخشىلىقى يامانلىقىدىن كۆپ بولسا، يامانلىق قىلىپ سالسا پۇشايمان قىلىپ ئۆكۈنگۈدەك يۈرىكى بولسا، خاتالىقنى تۈزىتەلىسە، يامانلىققا ئادەتلىنىپ قالمىسا، يامانلىققا نەپرەتلىنەلىسە، ياخشىلىق قىلالمىسىمۇ، ئۇنى ئۆچ كۆرمىسە، ھاياتىنى

ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ياخشىلىققا ئىنتىلىشنى ئۆزىگە نىسبەتەن بېسىم ھېس قىلىدىغان ئادەم نورمال ئادەم ئەمەس. دېمەك، ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى، ھاياتىنى مەنىلىكئۆتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق بىر ياش ئاۋۋال چوقۇم ھاياتتا مەنە، گۈزەللىك بارلىقىغا چوقۇم ئىشىنىشى، ناتوغرا ئىدىيىلەرنىڭ زەھەرلىدىن خالىي بولۇشى كېرەك. ھاياتتا مەنە بار دېگەن قاراشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم باسقانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىككىنچى، سىزدە مەلۇم بىر مۇستەقىل ئىدىيە ـ دۇنيا قاراش شەكىللەندىمۇ؟ مېنىڭچە, ئادەمدە سەل بالدۇرراق بولسا, 15 ـ 16 ياشلاردا، كېچىكسىمۇ 18 ـ 19 ياشلاردا ئاز ـ تولا مۇستەقىل ئىدىيە ـ قاراش شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. گەرچە ئادەم مۇشۇ مەزگىلدە يەنىلا ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز بولسىمۇ، نېمىگە ئېتىقاد قىلىش، نېمىگە ئىشىنىش، قانداق يول، قانداق ئىدىيە تاللاش كېرەك دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل تاللاش ياشلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا قايسى يولغا مېڭىشنى بەلگىلەيدۇ. ھەربىر ياش چوقۇم مۇستەقىل تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ ۋە شۇ توغرىدا بېشى قاتتىق قاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىدىغان تاللاش ئەمەس، بەلكىم بۇ بىر ئادەمگە نىسبەتەن جورا، كەسپ تاللاشتىنمۇ ھالقىلىق، مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى ئۆزى تاللىۋالغان شۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆتىدۇ.

ئىدىيە دېگىنىمىز، بىر ئابستراكىت ئۇقۇم. ئۇ بىر ئادەمنىڭ دۇنيا، ھايات، ئىنسان، مۇھەببەت، گۈزەللىك ـ رەزىللىك، ھەق ـ ناھەق، ھەققەت ـ سەپسەتە دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەربىر ياشتا چوقۇم يۇقىرىقى ياكى يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بەلگىلىك مۇستەقىل قارىشى، چۈشەنچىسى بولۇشى كېرەك دەپ

ئويلايمەن. بۇ ھەقتىكى ئىدىيە ـ قاراشلارنى تاللاشتا مۇھىمى تاللىغۇچىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىشىدۇر. ياشلار بۇ خىل تاللاشتا مەلۇم شەخس، مەلۇم ئەسەر ياكى كىتاپلار،تەلىماتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ ياكى شۇلارنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلسىمۇ چوقۇم ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر جەريانىدىن ئۆتكۈزۈشى، ئەقلىي دەلىللىشى، پاكىت ـ لوگىكىغا ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمىنى چىقىرىشى كېرەك. مۇستەقىل بولمىغان ئىدىيە ئىشەنچىسىز، ئاجىز بولىدۇ، ئىدىيىسى مۇستەقىل بولمىغانلارمۇ قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەردۇر، ئۇلار پىكرىي قارىغۇلۇقتىن ساقلىنالمايدۇ، بۇنداق كىشىلەرنى بەلگىلىك ئىدىيىسى بار دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئىدىيە نۇقۇل بىر خىللا نەرسە ئەمەس، ئۇ بىر قاتار قاراش ـ چۈشەنچىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما. بۇ سىستېمىنىڭ يادروسى مېنىڭچە ئېتىقاد. ئىدىيە ئېتىقادنى مەركەز قىلىپ قانات يايىدۇ، شۇنى دەۋر قىلىدۇ، باشقا ئىدىيۋى تەركىبلەرگىمۇ ئېتىقادنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئېتىقاد مەلۇم بىر چۈشەنچىگە ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاۋۋال ئەقلىنىڭ تاسقىشىدىن، تەستىقىدىن ئۆتمىگەن ئېتىقاد نادانلىق، جاھالەتنىڭ يىلتىزى بولىدۇ. ئېتىقادنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ئاۋۋال ئېتىقاد باغلانغان شەيئىنىڭ نېمىلىكىگە، ئاندىن قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تەپەككۇرىغا باغلىق بولىدۇ. ئىشقىلىپ قانداقلا بولمىسۇن، مەلۇم بىر ئېتىقادنى مەركەز، يادرو قىلماي تۇرۇپ، بىر مۇستەقىل ئىدىيە شەكىللىنەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىدىيىسى مۇستەقىل ياكى ئېنىق بولمىغان ئادەمنىڭ ھاياتى دېڭىزدىكى غازاڭدەك لەيلەپ ئۆتىدۇ.

بۇ خىل ئىشىنىش ياكى ئېتىقاد ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر شەيئى، ھادىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە، ھەق ـ ناھەق، گۈزەل ـ رەزىللىك ئالدىدىكى مەيدانىدا، چوڭ

ـ كىچىك ئىش ـ ھەرىكەتتە روشەن ئەكس ئېتىدۇ. بولمىسا ئۇنى ئېتىقاد دېگىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىرنەرسىنى ھەقىقەت دەپ ئېتىقاد قىلىپ، يەنە ئۇنىڭ تەسىرىسىز ياشاش مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئېتىقاد ئادەمنى مەلۇم بىر ئۆلچەم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەماغا ھاسا قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئادەمگە ئۆلچەم شۇنچىلىك مۇھىم. دېمەك، بىر ياش ئۈچۈن بىر مۇستەقىل ئىدىيە ئىنتايىن زۆرۈر، ئۇ شۇ ئىدىيىگە چۈشلۇق ياشايدۇ ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىنى شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئاتىغۇدەك بىرەر نىشانىڭىز بارمۇ؟

بىز باشتىكى «سىز ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك دەپ قارامسىز؟»دېگەن سوئالدا، ھاياتنىڭ مەنىسىنىڭ نىشان ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق جەريانىدا يارىتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدۇق، يەنى ھاياتتا مەلۇم نىشان بولغاندىلا، ئاندىن ھايات مەنىلىك ئۆتىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.

ئەمدى بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخىمۇ كونكرېت توختىلىمىز.

ئىنساندىكى نىشان نېمىگە ئاساسەن تىكلىنىدۇ؟ نىشاننىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئىككىنچى سوئالىمىزنىڭ جاۋابىدا. ئەگەر بىز ئادەمنىڭ ھاياتى شۇ كىشىنىڭ ئىدىيە ـ ئېتىقادىقا چۈشلۇق ئۆتىدۇ(بەلكى ئېتىقادنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈكى بىلەن پەرقلىق بولسىمۇ)دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا ئىنساننىڭ نىشانى ئۇنىڭ ئېتىقادى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. تېخىمۇ ئېنىق دېگەندە، ئېتىقاد بىلەن نىشان ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، ئېتىقاد قانداق بولسا، نىشان شۇنداق بولىدۇ. ئىككىسى زىت كېلىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئەگەر بوپقالسا چوقۇم ئىككىسىنىڭ بىرى ساختا بولغان بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئېتىقاد ئىنساننى ئۆلچەم بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا يەنە نىشان بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. بەلگىلىك نىشان كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان ئېتىقاد مەۋجۇت بولمايدۇ.

نىشانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ئەمەلىي ئېھتىياج. سىز تۇرۇۋاتقان رايوننىڭ شارائىتىنى چىقىش قىلمىغان، شۇ يەرنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلمىغان نىشان بىر خام خىيال. ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ ئاز - تولا ئەمەلىي شەرتلىرى بولمىغان نىشان ئادەمنى پەقەت بىھۇدە بەدەل تۆلىتىدۇ، خالاس. شۇڭا، سىز نىشانىڭىزنى بەلگىلىگەندە، ساددىلىق بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىقىنىلا ئۆلچەم قىلىۋالماسلىقىڭىز، بۇ مەسىلىدە تولىمۇ سۇغۇققان بولۇپ، نوقۇل قىزىقىش، ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىڭىز كېرەك. قىزىقىشنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، مۇمكىنقەدەر قىزىقىشنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئادەم قىزىققانلا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چوقۇم پايدىلىق بولۇشىمۇ ناتايىن. شۇڭا، ياشلار نىشاننى بېكىتكەندە، چوقۇم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە دۇنيانىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتىنى، كەلگۈسى يۈنىلىشىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى كېرەك، بۇ نىشان بەلگىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا.نىشانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈچىنچى ئامىل ئۆزىنىڭ ئۆزىڭىزگە ماس كېلىش - كەلمەسلىكىدۇر. ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەن، قولىڭىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى نىشان قىلىشمۇ سىزنى بىھۇدە بەدەل تۆلىتىدۇ. بۇنىڭدىمۇ چوقۇم سوغۇققان بولۇشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي شەرت - شارائىتىنى ئويلىشىڭىز كېرەك. گەرچە بەزى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان ئىشلار تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە مۇمكىن بولسىمۇ، تىرىشچانلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىپ، نىشاننى ئاقىلانە تاللاش كېرەك. مەسىلەن، ئاۋازى ياخشى ئەمەسلەر ناخشىچى بولىمەن دېيىشى، ۋۇجۇد كىشىلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس ماھىرى بولىمەن دېيىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس.

دېمەك، ياشلار نىشاننى بېكىتىشتە ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا، ئەمەلىيەتكە، ئۆزىگە ئۇيغۇن

ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك ياكى باشقىچە دېگەندە، ئېتىقادىنى، ياشاۋاتقان رېئاللىقنى، ئۆزىنى چۈشىنىشى كېرەك.

تۆتىنچى، نىشانىڭىزغا ئاساسەن تۈزگەن كونكرېت قەدەم - باسقۇچلۇق پىلانىڭىز بارمۇ؟

نىشان ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزغىنلىق بولسىلا كۇپايە ئەمەس، مۇھىمى شۇنىڭغا لايىق ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ چوقۇم مەلۇم پىلاننىڭ ئىچىدە بولۇشى كېرەك. سىز نىشانىڭىزنى قانچىلىك چۈشەنسىڭىز، پىلانىڭىز شۇنچىلىك كونكرېت، ئېنىق بولىدۇ. پىلاننى ئەتراپلىق تۈزۈش ناھايىتى مۇھىم ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ. نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى پىلاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. پىلان تۈزۈشتىن بۇرۇن سىز نىشانىڭىزنىڭ سىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىشىڭىز كېرەك، بۇنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، پىلان تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. بىر ئادەمگە نىسبەتەن نىشان، غايىگە ئىگە بولۇش قىيىن ئەمەس، مەسىلە شۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر كونكرېت يول تېپىش. پىلان تۈزۈش دەل شۇ يولنى تاپىدىغان ئىنچىكە، كونكرېت جەرياندۇر. ئادەمنىڭ ئىقتىدارى مۇشۇ جەرياندا سىنىلىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا بىز دېگەن مەنە مۇشۇ جەرياندا ھاسىل بولىدۇ. كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، نىشاندىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نىشاننىڭ تەلىپىنى چۈشەنسە، نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

ئەگەر سىز چەت ئەلدە ئوقۇماقچى بولسىڭىز، چەت ئەل تىلىدىن ئىبارەت ئۆتكەلگە دۇچ كېلىسىز. ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىشىڭىزكېرەك. شۇنىڭ بىلەن تىلنى قانداق ۋاقىتتا ئۆگىنىش، قايسى كىتابتىن ئۆگىنىش، كۇرسقا قاتنىشىش، قايسىسىغا

قاتنىشىش ... سۆزلەش، ئاڭلاش، يېزىش ئىقتىدارىنى قانداق ئۆستۈرۈش ... دېگەندەك كونكرېت مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىسىز. دېمەك، مانا بۇلارنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشىڭىز، سىزنىڭ پىلانىنى قانداق تۈزۈشىڭىز ۋە ئىجرا قىلىشىڭىزغا باغلىق. قىسقىسى، بۇ سوئاللار مېنىڭچە ھەربىر ياش ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك سوئاللاردۇر. ئويلىنىش بىلەن ئېرىشكەن جاۋاب سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزۈشىڭىزگە ئاز ـ تولا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلىسە ئەجەب ئەمەس.

مەنبە : بۇلاق ژورنىلى

## يېڭى ئەسىرنىڭ كۈچلۈكلىرى كىم؟

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تېلېۋىزىردا يەلى ـيەلى دېگەن يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل قويۇلغاندا، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى چىشلەشكەندى، مانا ئەمدى كىشىلەر لېۋىنى چىشلەيدىغان بولدى. قارىغاندا،نېرۋىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك غىدىقلىنىشتىن ناركوزلىنىپ، ھېچنېمىنى سەزمەس بوپقالدىغان ئوخشايدۇ. خۇددى مەلئۇنلار ھەممىگە كۆنۈپ كەتكەندەك. بەلكىم بۇ بىزنىڭ سەنئىتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان سىناقلىرىمىز بولساكېرەك ياكى بولمىسا سەنئەتنىڭ شەھۋانىيلىق دەرىجىسى ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشى مۇھىم ئۆلچەممۇ يە؟

نامراتلار بايلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزىچە بىرەر قېتىم سالام قىلىپ قويۇشىنى ئامەت، دەپ بىلىدۇ. بىراق بايلار نامراتلارنىڭ سالىمىنى ئەقلىگە مۇۋاپىق، ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. كۆرمەك قېيىن ئەمەسكى، ئاجىزلارنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىقى پەقەت كۈچلۈكلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشمەكنى مەقسەت قىلىدۇ. موھتاجلىق قۇللۇقنىڭ مەنبەسىدۇر.بۇ خىل مەقسەت ئۇلارنى ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئىگىسىگە سۈۋۈنۈپ، قۇيرۇق

شىپاڭشىتىپ تۇرىدىغان ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ يىل ـ يىللاپ توپلىنىپ قالغان ھاردۇقىنى، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد ـ پىغانىنى بىرەر رەھبەرنىڭ پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلغان ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدىكى بىرەر ئېغىز ياغلىما ـ رەسمىيەت گېپى چىقىرۋېتەلەيدۇ. زىيالىلىرىمىزمۇ دوستلىرىدىن، ھەتتا ئاتا ـ ئانا، خوتۇن باللىرىدىن ئالالمىغان تەسەللىسىنى باشلىقنىڭ ساختا تەبەسسۇملىرى، مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ قويۇشلىرىدىن ئالالايدۇ. مانا بۇ ئاجايىپ ئاجىزلىق ـ زەئىپانىلىق ئەمەسمۇ؟! بۇ، روھىمىزنىڭ ئۆز ئىچىدىن بارغانچە يىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

روھى سۇنغان خەلقنى قۇتقۇزماق قىيىن، ئۇنى يىقىلغان دەرەخنى ئۆرە قىلغاندەك تىكلەپ تۇرغۇزغىلى، كونا بىنانىڭ ئورنىغا يېڭى بىنا سالغاندەك قايتا قۇرغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، جىسمىنىڭ ئۆرە يۈرگىنى روھىنىڭ ئويغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ھەتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ.

تايىنىش تەدبىر، تايىنۋېلىش ئاجىزلىقتۇر.

ناۋادا بىر خەلق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىي مەھسۇلاتلىرىغا ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىيەلمىسە، باشقىلارنىڭ تارازىسىغا مۇھتاج بولىدۇ. باشقىلارنىڭ تارازىسى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئۆلچەش ئادىتىگە ئاساسەن لايىھىلەنگەن. تاشقى ئۇچۇرلار ئىچكى مەنىۋىي مۇستەقىللىق ئاساسىدا ھەزىم قىلىنمىسا، ئۇ، ئىستېمالچىنىڭ گېنىنى ئۆزگەرتىپ غەيرى مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئاجىزلىق مەنىۋىيەتتە بولىدۇ.

ھەرقايسى ساھەلەردە بىز يەتمەكچى بولغان خەلقئارالىق سەۋىيە، دۇنياۋى ئۆلچەملەردىكى ئاتالمىش خەلقئارالىق دۇنياۋىلىقلار ماھىيەتتە دەل غەربنى كۆرسىتىدۇ، غەربچە بولالىغانلىرى ئىلغار، دۇنياۋى بولىدۇ. سەنئىتىمىزدە مەيدانغا كېلىۋاتقان بۇ يېڭىچە

دادىل سىناقلىرىمىز بىزدىكى بۇ خىل خاھىشنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىلىشىش دولقۇنى غەربنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، قىممەت قاراشلىرىنى كەڭ غەيرى غەرب ئەللىرىگە شىددەت بىلەن ئومۇملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار يازغان كىتاب، ئىشلىگەن كىنو، ئېيتقان ناخشا، ئوينىغان ئۇسۇللىرىغا قەدەر ھەممىسى پۈتكۈل دۇنياغا ئورتاق بولىۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كارتېرنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بىرژېنسكى: «ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى تارقىتىۋاتقان قىممەت قارىشىنى پۈتۈنلەي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى،مەدەنىيەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشى دېيىشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ تېلېۋىزور جىنايەتنىڭ مەنبەسى» ،دەيدۇ ھەم يەنە «مۇبالىغە قىلماي ئېيتالايمەنكى، ھوللىۋود فىلىملىرى ۋە باشقا تېلېفىلىم شىركەتلىرى مەدەنىيەت ئاغدۇرمىچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ئامېرىكا ئاساسي قانۇنىنىڭ بىرىنچى تۈزىتىلگەن لاھىيىسىنىڭ ھىمايىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىدىغان ئىجدىمائىي ئەخلاق تارقاتماقتا» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز:خرىستىئانلارنىڭ روژدىستىۋو بايرىمى خەلقئارالىق بايرامغا ئايلاندى. كېچىلىك بەزمىخانا،تانسىخانا، ھەتتا كوكاكولا، پادىچى ئىشتىنى، جاز مۇزىكىلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ئەتراپىمىزغا يامراپ كەتتى.

مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشى ئەكەلگەن ۋەھىمە پۈتكۈل غەيرىي غەرب ئەللىرىگە ئورتاق. تەيبېي سەنئەت ئىنستىتۇتى پروفېسسورى خېخۇەيشۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن يېڭى ئەسىرگە نەزەر» دېگەن ماقالىسىدە، غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ ئەندىشىسىنى ۋەكىللىك ئەكس ئەتتۈردى. بىز بۈنىڭدىن بۇ ۋەھىمىگە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا دۇچ كەلمىگەنلىكىنى بىلەلەيمىز،ئەلۋەتتە.

ئاجىزلارنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى،كۈچلۈكلەرنىڭ قىلغانلىرىدىن گۇمانلىنىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ھېكمەت بار، دەپ ئويلايدۇ. سەپتىن چۈشۈپ

قىلىشنى دوزاخقا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى بىزدە ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس، دەيدىغان گەپ بارئەمەسمۇ؟! بىزنىڭ بۇ يەرلەردىمۇ غەربلىكلەرنىڭ داشقىلى ئالتۇن سانىلىدۇ. ناۋادا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بىرەر ئامېرىكىلىق بىرەر پارچە ماقالە ياكى كىتاب يازسا،نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ گۇلقەقلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، گويا ئۆزىمىزنى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنىڭ شۆھرەت ئىگىلىرىدەك ھېس قىلىمىز.

غەرب مەدەنىيتى ۋە سەنئىتى، غەربلىكلەرنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، ئەركىنلىك، گۈزەللىك، ھايات ھەققىدىكى ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشلىرى، يەكۈنلىرىغا ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ يەردە قانۇنغا خىلاب بولمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەخسىنىڭ ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش سانىلىدۇ. ئۇ يەردە ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسى، مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭرى، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيتى، سەنئىتى،مائارىپىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن ھەم بۇ ئۇلارغا غايەت زور ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئەكەلگەن. لېكىن چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىكمۇ، شۇنداقلا ئەركىنلىكتىن مەھرۇملۇقمۇ ئادەمنى مايمۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، ئالدىنقىسى ئورمانلىقتىكى مايمۇن،كېيىنكىسى سېرىكچىنىڭ ئۆگىتىلگەن مايمۇنى، ئۇ ئىگىسىنىڭ سول قولىدىكى بانانىنىڭ قىزىقتۇرۇشى، ئوڭ قولىدىكى قامچىنىڭ تەھدىتىدە ھەرىكەتلىنىدۇ.

مەن شۇنداق قارايمەن: ئىنسانلار گۈزەللىك،سەنئەت، مەدەنىيەت دېگەن نىقاب ئاستىدا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئالداۋاتىدۇ. ھازىرئىنسانلار چوقۇنۇۋاتقان، ياقتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدىغان سەنئەت ماھىيەتتە جىنسى لەززەتنى قاندۇرۇش ئۆلچەم قىلىنغان سەنئەتتۇر. ھازىر گۈزەللىك ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى گۈزەللىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەزگۈلەرنى راھەتلەندۈرەلىشى بىلەن گۈزەللىك سانىلىۋاتىدۇ. بۇ يەر شارىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەم بوپقېلىۋاتقاچقا، سەپتىن قېلىشنى خالىمايدىغان بىزدەك بىچارىلەر ھە دەپ ئارتىسلىرىمىزنى يالىڭاچلاۋاتىمىز.

ھازىر ئامېرىكىدا تۇغۇلۇۋاتقان بالىلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك نىكاھسىز پەرزەنت (ھارىمى)،

(ئائىلە ئېڭىنىڭ ئاجىزلىششى ھازىرئامېرىكىدىكى جىددىي مەسىلە). ئۆتكەندە قايسى بىر گېزىتتىن شىمالىي ياۋرۇپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتتە بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغىنىنى (قانۇندا رۇخسەتقىلىنغىنى)نى كۆردۇم. يەنە بىرىدىن ئاتىسىنىڭ ئۆز قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغىنىنى؛ھەتتا ئۇرۇمچىدە مەلۇم خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تولۇقسىز بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر قىزنىڭ ئەر ـ ئاياللار بۇيۇملىرى ماگىزىنىدىن ھاملدارلىقتىن ساقلىنىش بۇيۇملىرى ئېلىۋاتانلىقىنى كۆرگەن مەلۇم بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ دەپ سورىسا، ئۆزۈمگە ئىشلىتىمەن، بۇ بىزنىڭ سىنىپتا نورمال ئىش، دەپ جاۋاب بەرگىنىنى. نېمشقا شۇنداق قىلىسىز؟ دەپ سورىسا، بۇ دېگەن قانداق دەۋر؟دېگىنىنى. تۇلۇقسىز 3 ـ يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر جوپ ئوغۇل ـ قىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئەر ـ خوتۇنلارچە ياشاپ كەتكەن خەۋەرلەرنى كۆردۇم. تولۇقسىزدا ئوقۇيدىغان ئىككى ئۇيغۇر قىزنىڭ چاپان سېتىۋېلىش ئۈچۈن نومۇسنى ساتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان«جەمىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن ژورنالدىن ھازىر شاڭخەيدە شەنبىلىك ئەر ـخوتۇنلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنىنى، بۇنىڭغا شاڭخەيدىكى جىددىي خىزمەت، ئالدىراش تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرگە بولىدىغان ۋاقتىنىڭ بەك قىسقىلىقىنى، شۇڭلاشقا ھەپتە ئاخىرىدا بىر ـ بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، تەررەقىياتقا پايدىلىق ياخشى ھادىسە، دەپ چۈشەندۈرگەنلىكىدەك بايان ـ تەھلىللەرنى ئوقۇدۇم. بۇ مۇتەئەسسىپ قاراشلاردىن خالىي نەقەدەر ئاجايىپ ئىلمىي تەھلىل ـ ھە! بۇلار پەقەت مېنىڭ ئۇچراتقانلىرىم. سىز قانچىلىك كۆرگەنسىز؟ ئوقۇغانسىز؟ ئۇچراتقانسىز؟ يۇقىرىقىلارنى ئۆزئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت، قىز ـ ئوغۇللىرىڭىز، كۆرۈۋاتقان تېلېفىلىم،پىلاستىنكىلىرى، گېزىت ـ ژورناللاردىكى سۈرەت ـ رەسىملەر بىلەن باغلاپ ئويلاپ كۆرسىڭىز، قانداقىراق خۇلاسىگە كېلەرسىز؟

ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى ،مەسىلىنى بىر نۇقتىدىن كۆزىتىپ ، بىرلا نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، ھەر تەڭ نەزەر سالالمىغانلىقىدۇر. ئىنسان بىرلا نەرسىگە دىققەت قىلغاند ، باشقا نەرسىلەر مۇقەررەر دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. ئاپەت دەل دىققەتنىڭ سىرتىدا قالغان يەردە. قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ فىزىكىلىرى دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ھەرىكەت، خىمىكلىرى ماددا ،ماتېماتېكلىرى سان دېگەن. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئۆز كەسپى نۇقتىسىدىن قارىغاندا خاتا ئەمەس. ئەمما مۇكەممەل جاۋاپقا ھەممىسنى بىرلەشتۈرگەندە ئېرىشەلەيمىز. ئىسلامىيەت تارىخىدىمۇ بۇخىل ئەھۋال يۈز بەردى. ئابباسىيە دەۋرىدىكى مولچىلىق كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇپ، تائەت - ئىبادەتتىن بەزدۈرۈۋاتقاندا ، بىر تۈركۈم كىشلەربۇنداق جەمىيەتتىن ۋاز كېچىپ تاغلارغا، چۆللەرگە چىقىپ كېتىپ ئىستىقامەت قىلىشتى،زاھىدلىق ھاياتىنى باشلىۋەتتى. بۇلار كېيىنچە كۆپىيىپ دەسلەپكى سوپىلار مەيدانغا كەلدى. كېيىنچە رەھبەتنى پاكلاش خاھىشى ئەۋج ئېلىپ، ماددا ، بايلىق، تەبىئي پەنگە سەل قارالدى، مەنۋىيەت بىرىنجى ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماددىي يوقسۇللۇقى، تېخنىكا قاششاقلىقى تۈپەيلى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى،ۋەتەنلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى. ئىنسانلاردىكى بۇخىل قۇتۇپ خاھىشچانلىقى20 - ئەسىردە تېخىمۇ گەۋدىلەندى. پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى،يارىتىلغان غايەت زور ماددىي بايلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە قۇلايلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنداق قۇلاي تۇرمۇش شارائىتى بۈگۈنكى راھەتپەرەس -پارازىت ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ماددىي بايلىق ئارقىلىق كېلىدىغان راھەت ئىنسانلارنىڭ غايىسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرى مۇشۇ غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتى. قىيقاس - چۇقانلىق جاز مۇزىكىلىرى،ماشىنا - ماتۇرلارنىڭ گۇرۇلدەشلىرىدىن پاك بوپقالغان ئىنسانلار روھىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن چىقىۋاتقان ئىڭراش، نالىلەرنى ئاڭلىيالمىدى. ئامېرىكا جەمئىيىتى يىمىرىلگەن، چاك -

چىكىدىن بۆسۈلۈۋاتقان جەمئىيەت، دەپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى كىشىلەرئەركىنلىكىنىڭ

چېكىدىن ئېشىپ، ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ تۆۋەنلەپ، شەخسىيەتچىلىكىنىڭ كۈچىيىپ

كەتكەنلىكىدىن ئىزدەيدۇ.

ئامېرىكا جەمئىيىتىنى «كېسەل جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان «كەلگۈسىشۇناسلار» ژۇرنىلى:

«غەربنىڭ هازىرقى زامان مەدەنىيتى بىزنىڭ روهىي ساغلاملىقىمىزغا زىيانكەشلىك

قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىزنى بىريۈرۈش يېڭى ئەخلاق ئۆلچىمى، ئېتقاد سىستېمىسى قۇرۇشتا

يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە قىلدى. غەرب هازىرقى زامان مەدەنىيتى ۋە غەرب جەمئىيىتى دۇچ

كەلگەن ئېغىر مەسىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ

«جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى» دەيدۇ( «جۇڭگونىڭ يولى» ، «جەنۇب گېزىتى» نەشرىياتى،

2002 ـ يىل يانۋار نەشرى).

20 ـ ئەسىرنىڭ قەھرىمانلىرى ئىقتىسادىي ماگىناتلار بولدى. ناۋادا بۇ ئەسىردە سامۇئېل

سمايلىستەك ئەخلاق تەرغىباتچىلىرى،جامالىددىن ئاففانىيدەك دىنىي ئىسلاھاتچىلار مەيدانغا

كەلگەن بولسا، ھەرگىزمۇ بىلگىپىتىس، ياڭ جيۈەنلەردەك قارىشى ئېلىنماس ئىدى. شۇڭا مەن

دەيمەن: قۇتۇپلارئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماسلىق ئاپەتنىڭ مەنبەسىدۇر. «ئىشلارنىڭ

ياخشىسى،ئوتتۇراهال بولغىنىدۇر» (ھەدىس).

بۇ ئەسىردە ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكىغا ئىمان كەلتۈردى. ئىنسانىيەت ئۇچرىغان ھەممە

مەسىلىنى ئىلىم ـ پەن ھەل قىلالايدۇ، دەپ ئىشەندى. پەن ـ تېخنىكا پرىنسىپلىرىنى

تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە مەسىلىلەرگە قەدەر تەتبىقلاپ باقتى. ھەممە نەرسىنى چوقۇم ئىسپاتلاش

كېرەك، دەپ قاراپ ئىلىم ـ پەن ئىسپاتلىيالمايدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىغا

ئىشەنمىدى. ئىلىم ـ پەن ئىنسانلارنىڭ ئاشكارا مەسىلىلىرىگە جاۋاب بەرگەن بىلەن، مەخپىي

مەسىلىرىگە ئاجىز كەلدى. ئۇ، تەنگە داۋا بولسىمۇ روھقا داۋا، قەلبكە ھىدايەت ئەمەس

ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلار بارغانسىرى ماشىنىلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ

قېلىشتى.ئامېرىكىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى بېن بوۋىر «ئىلمىي فانتازىيىنىڭ رولى»دېگەن ماقالىسىنى: «ئىلىم - پەن ئۆلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا يارىتالايدۇ، تېخنىكا ئىنسان روھىنى بۇزالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزەلەيدۇ. پەقەت دانا كىشىلەرلا پەن - تېخنىكىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قانداق ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. قىسقىسى، بارلىق سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە تونۇتۇش، ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىشتۇر» دەپ ئاخىرلاشتۇرسا،ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى رىچارد نىكسون: «بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكا دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت، شۇنداقلا ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ باياشاد دۆلەت،بىراق ماددىي جەھەتتە باي بولساقمۇ، روھىي جەھەتتە نامراتمىز» دېگەندى.

يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. ئارنولد تويىنبى: «تارىخ تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا «ئىلگىرى غەرب مەدەنىيىتىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن دۆلەتلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى» دېگەندى. ئۇنىڭ بېشارىتىنى بۈگۈنكى دۇنيا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭچە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شۇنچىلىك كەڭ تارقىلالىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ ھايۋانىي نەپسىگە تولىمۇ ماس كەلگەنلىكىدە. بولۇپمۇ بۈگۈنكى راھەتنى غايە قىلغان كىشىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق.

دۇنيا نەزەرىيە ساھەسىدە، ئەمدى ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا دوستلىشىدۇ، ئۇچرىشىدۇ، سۆزلىشىدۇ، دەپ قارىلىۋاتقان چاغلاردا،ئامېرىكا سىياسىيشۇناسى خونتىڭتون «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان«مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشۇشى» دېگەن ماقالىسىدە، بۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ئاساسى خەۋپ مىللىي، ئىرقىي توقۇنۇش، ئىقتىسادىي پەرق، نامراتلىقتىن ئەمەس،بەلكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىدىن كېلىدۇ، دېگەن

ھۆكۈمنى شەرھيلەش ئۈچۈن نەچچە ئون دۆلەتكە بېرىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى مەدەنىيەتكە تەۋە خەلقلەردە ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداش ئېستىكى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ، دەپ كۆرسەتكەندى. خۇددى ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئافغانىستاندىكى تالىبانلار پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، سىنىڭ دېيىشغا مانا مەن ئۇسسۇل ئوينايمەن، دەپ غايەت زور بۇتلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ سەنئەت بۇيۇمى بولغان بىلەن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ چېقىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بۇت ئىدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ غەربلىكلەرنىڭ خورىغا جور بولمايدىغانلارنىڭ يەرشارىدا تېخى مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلگەندۇ.

غەرب مەدەنىيەت شوۋىنىزمىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى بىزدەكلەرگە نېمىنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈكلۈك ئىكەنلىكى ھەققىدە يېڭى ئۆلچەم ئەكەلدى.ئىلگىرى مەۋجۇتلۇقىمىزنى ماددىي نەرسىلەرگە باغلىغاندۇق. ھازىر بۇلارمۇ بىزلەرنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە كۈچلۈكلەرنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمىغان. دەۋر ئۆزگەرسە دەۋرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىدىن كۈتىدىغىنىمۇ ئۆزگىرىپ ماڭىدى. ئۆز دەۋرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلىگەنلەرلا ھەقىقىي قەھرىماندۇر.

ھازىر ئېيتقىنىمدەك، ئىلگىرى مەۋجۇتلىقىمىزنى تەرەققىياتقا، پەن ـ تېخنىكىغا باغلىغاندۇق. ئەمدى ماددى تەرەققىيات ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى مەنىۋى ساپلىق بىلەن تولۇقلىمىسا، ئۇنداق تەرەققىياتنىڭمۇ بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىزغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىمىزدە كۈچلۈك روھىي قۇۋۋەت، بۇيۇكلۈككە، ئەبەدىيلىككە تۇتاشقان بىر ئەقىدە بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئەقىدىنىڭ ساپلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۇنى لايىقىدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىقسادىي كۈچ، پەن ـ تېخنىكىنى ئارقا تىرەك قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ب د ت نىڭ سابىق باش كاتىبى پېرىز دىكۇئىليار مۇنداق دەيدۇ: «تەرەققىياتنى ھەرگىزمۇ پەقەت ماددىي بەھرىمەنلىك، دەپ

چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىز ھازىر ماددىي ئېستىمالنى ئاساس قىلغان تەرەققىيات شەكلىنى كېڭەيتىۋاتىمىز. ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپلا قالماستىن، جانلىقلارنىڭ، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ». تەرەققىياتنىڭ مۇكەممەللىكى تاللاش بىلەن شاللاشنىڭ مۇۋاپىق بىرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىدا قۇۋۋەت بولمىغان كىشىگە تاشقى قۇۋۋەت ئېغىر كېلىدۇ.

ھەققەتنىڭ مىللەت، ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت،دىن چەكلىمىسى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىغا باغلىق. بەزىدە مۇسۇلمانلارغا بۇددا نوملىرىدىنمۇ پايدىلىق سۆزلەر ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. «ھېكمەتلىك سۆز مۇئمىننىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىن تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق» (ھەدىس).

بىزئەمدى مەدەنىيەت، سەنئەت، تەرەققىيات، ئىنسان دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ، قايتا تەبىر بەرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى بىز ھازىر مۇشۇ ئۇقۇملارنى خاتا چۈشەنگەننىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىمىز. بىز ئىنسانغا ئىنسان دېگەن «سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش قورالىنى ياسيالايدىغان...ھايۋان» دەپ تەبىر بەرگەندىن بۇيان راستىنلا ھايۋاندەك ياشىدۇق. ئىنساننىڭ ياشاش مەقسىتى نېمە؟ دېگەن سوئالغا شەمسىددىن تەبرىزىي: «ئىنسانىي كامىل بولماق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ كامىل ئىنسان بولۇشتىن بۆلەك مەقسىتى يوق،دەيدۇ. بۇ يەردىكى «كامىل» دېگەن ئىبارە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە ئىنتايىن مول. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ: «ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق قىيىن» دەيدۇ. ئەلۋەتتە ئۇگىنىپ ئالىم بولغىلى بولغىنى بىلەن، ئۆگىنىپ ئادەم بولغىلى بولمايدۇ. ئادەم بولۇش بىر مۇشكۈل سەپەردۇر. بۇ سەپەرگە ئاتلانغانلار ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپ ئەمەس. خېجۇەيشۇ ئەپەندى: «بۇ ئەسىردە ئۈمىدنى ھەمراھ قىل» دەپتۇ، مەن ئەقىدە دەيمەن.

مەنچە بولغاندا ئەقدە ئۇمدىنىڭ ئانىسى.

بۇ دەۋردە روھى كۆچلۈكلەرلا ھەقىقىي كۆچلۈكتۇر.شۇڭا دەيمەن: ئۇچاي دېسىڭىز قانات چىقىرىڭ، ئارزۇنىڭ بولغىنىلا كۇپايە قىلمايدۇ.ھەم يەنە دەيمەن، سۇ ئۈزەلمەيدىغانلارنى دەريالارغا تاشلىۋېتىڭلار، يا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنسۇن، يا تۇنجۇقۇپ ئۆلسۇن! ھېلىمۇ ئۇلار سۇ ئۈزەلەيدىغان تالايلارنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ھالاك قىلىدى. ئۇۋ ئوۋلىيالمايدىغانلارنى جاڭگال ـ باياۋانلارغا ھەيدىۋېتىڭلار، يا ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگەنسۇن، يا يىرتقۇچقا يەم بولسۇن.

## پەلسەپە ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

ئادەمنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلگۈسى، تېگى ـ تەكتىگە يەتكۈسى، سىر ـ ئەسرالىرىنى ئۇققۇسى كېلىدۇ.

بۇ ئىنساننىڭ تۇپ خۇسۇسىيتى. ۋەھالەنكى، بۇ تۇپ خۇسۇسىيەت بەزى كىشىلەردە ئالاھىدە كۈچلۈك بولسا، بەزى كىشىلەردە تولىمۇ زەئىپ بولىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بىلدۈرۈلگەن نەرسىلەرگىلا قانائەت ھاسىل قىلىپ، بىلدۈرۈلگەن ساھالەر ھەققىدە پىكىر قىلىپ بېقىشقا ئۈنتىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى مۇشۇنداق كىشىلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسىنى «شۇنداق بولاتتى»، «شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك» ياكى «ئەزەلدىنلا شۇنداقكەن» دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇ خىل قاراش ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش يولىنى توسۇپ قويغان، ئۇلاردىن ئادەم نېمىشقا ئىككى پۇتىدا ماڭىدۇ؟ نېمىشقا ھايۋانلاردەك تۆت پۇتلاپ ماڭمايدۇ؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار چوقۇم سىزنى ساراڭ ئىكەن، ئېلىشىپ قاپتۇ، دەيدۇ. ئۇلار بۇ سوئالغا چۈنكى ئادەم دېگەن ئادەم ـ دە، ئادەم ھايۋان ئەمەس، ئادەم ئەزەلدىن ئىككى پۇتلاپ ماڭىدىغان تۇرسا، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

زادى نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار مۇشۇنداق پىكىر قىلىشقا كۆنۈپ قالغان؟ «سوفىيەنىڭ دۇنياسى»

دېگەن كىتابىتا بۇنىڭغا: «بۇ كۆنۈككەن تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى، ھەممە شۇنداق دەپ تونۇغان ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەتلەر ئىنسانغا شۇنداق پىكىر قىلىشنى ئۆگەتكەن.

دەل بۇ كۆنۈككەن تەپەككۇر ئادەمنى زالالەتكە باشلايدۇ، پەقەت ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرلا ئەنە شۇنداق غەلىتە (باشقىلارغا نىسبەتەن) بىمەنە سوئاللارنى سورايدۇ ھەم شۇنىڭ جاۋابى ھەققىدە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ سىرىنى بىلىش ـ بىلمەسلىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كونكرېت تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئەمما بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن تاشلانغان مۇھىم قەدەم ھېسابلىنىدۇ، مانا مۇشۇنداق قەدەم تاشلاشقا جۈرئەت قىلىدىغان كىشىلەرنى بىز پەيلاسوپ دەپ ئاتايمىز. بەلكىم ئۇلار ئىزدىگەن نەرسىلىرىنى تاپالىشى، ھەتتا ئۆزى خىيال قىلمىغان نەرسىلەرگە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تاپقان «ھەقىقەت»لىرى سەپسەتە بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بىز نېمىگە ئاساسەن بۇنى سەپسەتە دەيمىز؟ يەنە نېمىگە ئاساسەن بەزى مەلۇم نەرسىلەرنى ھەقىقەت دەيمىز؟ روشەنكى، بىز سەپسەتە دەپ قارىغان نەرسىلەرمۇ، ھەقىقەت دەپ قارىغان نەرسىلەرمۇ بىز ئەقلىمىزگە تايىنىپ تاپقان نەرسىلەردۇر. ئەگەر ئەقىل ئارقىلىق تېپىلغان «ھەقىقەت» ياكى «سەپسەتە»نىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى يەنە ئەقىل بىلەن ئۆلچىسەك، ئەقىل بىلەن باھا بەرسەك، بۇ ئىشەنچلىك بولامدۇ (ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار شۇنداق قىلىۋاتىدۇ)؟ ياكى ئۇ كۆپ سانلىق كىشىلەر ئېتىراپ قىلسا ھەقىقەت ھېسابلىنامدۇ؟ ۋە ياكى، پالانى شۇنداقكەن دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەت ھېسابلىنامدۇ؟ ياكى ئىنسانلار ئۆزىدىن ھالقىغان بىر كۈچنىڭ قازىلىقىغا موھتاجمۇ؟ بۇ مەسىلە ئىنسانلار بىرلىككە كېلەلمىگەن مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ چەكلىك بىلىشى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلالمايدىغان مەخلۇق بولغاچقا، ھەر ۋاقىت ئۆزىگە نامەلۇم دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ سىرىغا يورۇش قىلىپ شۇلار ھەققىدە

بەلگىلىك چۈشەنچە ـ قاراشلارغا كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قەيەردە كەلگەنلىكىنى، قەيەرگە باردىغانلىقىنى، كائىناتنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، ئادەمنىڭ كائىناتتىكى ئورنىنى، ئادەم بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئادەمنىڭ بۇرچىنىڭ نىمىلىكى قاتارلىق سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى ئىزدەش، بىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى باشلانغۇچ تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن دەسلەپكى پەلسەپە شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاۋام پەيلاسوپلار خۇدا بار دېسە، ئۇلارمۇ بار ئىكەن دەپ تونۇيدۇ. پەيلاسۇپلار خۇدا بار دېسە، ئۇلارمۇ بار ئىكەن دەپ تونۇيدۇ. يوق دېسە، يوق ئىكەن دەپ تونۇيدۇ. بار ـ يوقلۇقى ھەققىدىكى چۈشەنچە زادى ئۆزىدىن كەلگەن ئەمەس. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشى، ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. ئۇلار خۇدا بار دەپ قارىسىمۇ، قانداق بارلىقىنى بىلمەيدۇ ھەم چۈشەندۈرەلمەيدۇ. ئەگەر باشقىلار يوق دەپ چۈشەندۈرسە، ئۆزىنىڭ بار دېگەن قارىشى بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدۇ.

پەلسەپە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد پەيلاسوپلارنىڭ پىششىقلىشىدىن ئۆتۈشكە ئەگىشىپ تېخىمۇ سىستېمىلىشىپ، كېڭىيىپ بارىدۇ. تەدرىجى يوسۇندا بەلگىلىك جەمىيەت، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئىش ـ پائالىيىتىنىڭ قېلىپىغا ئايلىنىپ، شۇ جەمىيەتنىڭ دۆلەت شەكلى، مەدەنىيتى، سىياسىي ـ ئىقتىسادىي فورمىلىرىنىڭ ئاساسىي بوپقالىدۇ. ئىنسانلار ھەرۋاقىت بەلگىلىك نەزەرىيە، قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىش كۆرىدىغان بولغاچقا، پەلسەپىۋى ئىدىيلەر مۇقەرەر يوسۇندا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچ قىلىپ رىئايە قىلىدىغان مۇقەددەس پىرىنسىپ ـ ئۆلچەملىرىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەر پەيلاسۇپ بولمىسىمۇ پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى خۇرۇچ قىلغان، جەمىيەتلىشىپ كەتكەن دۇنيا قاراش، قىممەت قاراشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياشايدۇ.

ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنياغا قاراپ باقىدىغان بولساق، قارىماققا پەلسەپىۋى روھ ئاجىزلىغان،

ئەمما پەلسەپۋى چۈشەنچىنى يىلتىز قىلغان ئىستىخىيىلىك كۆنۈككەك ئىدىيە ھەممىسىنىڭ ھەركىتىنى كونترول قىلغان. مەسىلەن، بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرى پراگماتىزمنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرى، ئەمەلىي ئۈنۈم ھەممە ئىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئۆلچەيدىغان قازىغا ئايلانغان، چېكىدىن ئاشقان پراگماتىستىك روھ تۆرتكىسىدە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرى پەقەت ۋە پەقەت ئەمەلىي ئۈنۈمنىلا بىردىنبىر ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلغان.

بۇ بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ بەختىمۇ ياكى پاجىئەسىمۇ؟ بۇنىڭغا ھازىر بىر نەرسە دېمەك تەس.

ئۇنداقتا پېراگماتىزم ئىنكار قىلىنىشى كېرەكمۇ؟

ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، بولۇپمۇ بىزدەك ئەمەلىي ئۈنۈمگە ھەممىدىن بەكرەك ئېھتىياجلىق كىشىلەر ئۈچۈن پراگماتىستىك روھ بولمىسىمۇ بولمايدۇ، ۋەھالەنكى بۇ خىل روھ چوقۇم «بىزچە» ئىستېمال قىلىنىشى كېرەك.

مەن ماددىي ئۈنۈم ئۈچۈن روھىيىتىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن ۋاز كېچىشنى، ئۇنى دەسمايە قىلىشنى تەشەببۇس قىلمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئادەم ماددىي ۋاستىلەرنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى مەقستى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان جانلىق. ئۇنىڭ بارلىق پائالىيتى شۇنى مەركەز قىلىش كېرەك.

ۋىلىيام جامىس (پراگماتىزىم پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى) مۇنداق قارايدۇ: پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۇ ھەقىقەت. بۇ خىل قاراشتىن ئەگەر ئەمەلىي قىممىتى بولمىسا، بىز ھەقىقەت ئەمەس دېگەن مەنە چىقىدۇ، بۇ مەنە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىي قىممەتكە توسالغۇ بولغان ھەرقانداق بىر نەرسە تاشلىۋېتىلىشى كېرەك، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى بىز بۇ يەردە پايدىلىق دېگەن سۆز ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشىمىز كېرەك. ئۇ زادى ئىنسانغا قايسى جەھەتتىن پايدىلىق؟ ئۇنىڭ كونكرېت ئوبيېكتى نېمە؟ مۇشۇلار ئايدىڭلاشسىلا، بىزنىڭ يۇقىرىقى

ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشىمىز ئوڭايلىشىدۇ.

ئەگەر بۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ماددىي ھالىتىگىلا پايدىلىق بولسا ھەم ھەقىقەت دەپ ئېتىقاد قىلىنغان بەزى پرىنسىپ،

مىزانلار بۇ خىل ماددىي ھالەتنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈشكە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالغانلىقتىن، بۇلار ھەقىقەت ئەمەس دەپ ھېسابلىنىپ، ئۇلاردىن ۋاز كېچىش مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا شەخسەن مەن بۇ قاراشنى رەت قىلىمەن.

مەن يەنە ئەگەر بۇ مەنىۋى ھالەتكىلا پايدىلىق بولسا، ماددىي يۇكسىلىش مەنىۋى ھالەتنى دەخلى ـ تەرۈزغا ئۇچراتتى دەپ، ماددىي يۇكسىلىشتىن ۋاز كېچىشنىمۇ يەنىلا رەت قىلىمەن. چۈنكى، مەن بۇ ھەر ئىككىلا خىل ھالەتنى بىر ـ بىرىگە دەخلى ـ تەرۈز قىلىدۇرۇشماي، ئەكسىچە ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشتۇرۇش، بىر ـ بىرىنى ئۆز ـ ئارا سىڭدۈرۈۋېتىش تامامەن مۇمكىن دەپ قارايمەن. زېمىندا ئۆز ئەمەلىيتى بىلەن مېنىڭ بۇ قارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان كىشىلەر ئاز بولسىمۇ يەنىلا بار. ئەلۋەتتە، ھەقىقەت ئىجراچىلىرىنىڭ ئاز بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. پەقەت بەزىبىر گۇمراھ كىشىلەرنى سەل گۇمانغا قويۇپ قويىدۇ، خالاس.

ئەگەر بۇ يەردىكى ئەمەلىي قىممەت ماددىي ۋە مەنىۋى ھالەتلەردىكى ئىككىلا خىل يۇكسىلىشنى كۆرسەتسە، خۇددى ۋىليام جامىس ئېيتقاندەك: «پەقەت ئۇ مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قارالغان ئۇقۇم، ئادەمگە شۇنداق تەسەللى بېرەلىسىلا، ئۇ ھالدا ئۇ چوقۇم كېرەكسىز ئەمەس، ئۇنىڭ پەقەت شۇنچىلىك قىممىتى بار»، ئۇ كونكرېت رول ئوينىۋاتقان بولسا، بۇ قاراشنى ئېھتىيات بىلەن قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ئېھتىيات بىلەن دېگەن سۆزنى قىلىشىمغا ئۇنىڭ يەنە مۇنۇ سۆزى سەۋەپ بولغان: «ئەگەر مەلۇم بىرخىل تۇرمۇش بىز ئۆتكۈزۈۋشكە تېگىشلىك بىرقەدەر ياخشى تۇرمۇش بولسا ھەم بىز مەلۇم بىر قاراشقا ئېتىقاد قىلساق، ئۇ (شۇ قاراش) بىزنى مۇشۇ خىل تۇرمۇشقا باشلىيالىسا، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنسەك،

بەزىدە تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەت بىلەن تونۇشۇپ قالىمىزلا، بىز ئەڭ ياخشىسى ئۇ قاراشقا ئىشىنىشىمىز كېرەك». بىز بۇ سۆزدىن ئەگەر ئېتىقاد قىلغان بۇ قاراش مەنپەئەت بىلەن تونۇشۇپ قالسا، بۇ قاراشقا ئىشىنىشتىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك، مەنپەئەت ئۈچۈن قاراشنى قۇربان قىلىشقا بولىدۇ، دېگەن يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز ھەم يەنە بۇ يەكۈندىن مەنپەئەتكە پايدىلىق بارلىق ئىش ۋە شەيئىلەر ھەققەتتۇر دېگەن يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز (ئەمەلىيەتتە،

بۇ بۇگۈنكى دۇنيادىكى كىرىزىسنىڭ تۈپ مەنبەسى). خەنزۇ نەسىرچىسى جۇگوپىڭنىڭ ۋىلىيام جامىسنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل ئالغىنىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە: «ئەگەر خۇداغا ئىشىنىش پايدىلىق بولىدىغان بولسا، مەن ئىشەنگەن بولاتتىم».

ئومۇمەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇ تەكىتلىگەن ئەمەلىي قىممەتنىڭ مەنىۋى تەرەپتىن كۆرە ماددىي تەرەپكە بەكرەك ئاغدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ «بۇخىل ئېتىقادنىڭ ماڭا روھىي ئارام بەخش ئېتىدىغانلىقىنى ۋاقتىنچە ئېتىراپ قىلاي» دېگەن سۆزى بۇ قارىشىمىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن ئەقىدە، پرىنسىپلار، مىزان-قائىدىلەرگە ئىنسانلار رىئايە قىلىشى، ئېتىقاد قىلىش بىلەنلا كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي قىممەتكە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇلارنى ھەققەت ئەمەس، كېرەكسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىۋېتىش ئىنسانلارغا، مۇقەددەس پرىنسىپلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. خۇداغا ئىشىنىش قارىماققا ھېچقانداق ئەمەلىي قىممەت ئېلىپ كېلەلمەيدىغاندەك، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىغاندەك بىلىنىدۇ، ئەمەلىي قىممەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خۇداغا ئىشىنىشتىن ۋاز كېچىش، ئەمەلىي قىممەتنى خۇداغا ئىشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىش مەنتىقسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ خىل ئىشىنىش پەلسەپىۋى، ئەقلىي خۇلاسە يولى بىلەن بارلىققا كەلمەي، ئەمەلىي قىممەتكە

ئاساسەن بارلىققا كەلسە، بۇنى ھەرگىزمۇ توغرا دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئېتقادتىكى كىشىلەرنىڭ خۇداسى نۇرغۇن بولىدۇ. كىم نان بەرسە شۇ ئۇنىڭ خۇداسىغا ئايلىنىدۇ. بىزدە شۇنداق بىر ئاجىزلىق بار، قانداقلا بىر يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش (بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ) بىزنى ئوڭايلا ئۆزگە رام قىلىۋالىدۇ. بىزمۇ دەرھال قول كۆتۈرۈپ ئەل بولىمىز ـ دە، ئەجنەبىي ئىدىيەلەرنىڭ سادىق گۇماشتىسىغا ئايلىنىمىز. بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل مەۋقەسى، پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەردىن شەكىللەنگەن پەلسەپە سىستېمىسى بولۇشى؛

ئۇ ئادەم دېگەن نېمە؟

ئۇ قەيەردىن كەلگەن؟ قەيەرگە بارىدۇ؟ دۇنيا قانداق پەيدا بولغان؟ ئاخىرىسى بارمۇ؟ ھاياتنىڭ مەقسىتى، مەنىسى نېمە؟ دېگەندەك ھەرقانداق بىر پەلسەپە ئاۋۋال ئويلىشىدىغان تۈپكى مەسىلىلەرگە جاۋاپ بەرگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ جاۋاپلار ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھاياتلىق پرىنسىپىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىي بولالايدۇ. شۇلارنىڭ ياردىمىدە شەكىللەندۈرگەن ئىدىيە، قىممەت قاراش، دۇنيا قاراشلار بىلەن يات مەپكۇرىلارنىڭ تەسىرىگە

لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرالايمىز. بىز چوقۇم پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھەقىقەتلەر بىلەن مەلۇم بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە خاس ھەقىقەتلەرنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ نېمىلەرنى رەت قىلىش، نېمىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىزغا ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەلەيدۇ. ئېمرسون مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەرلىرى بولىدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇغۇچى»، بۇ سۆزنى بۇ يەرگىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. پەقەت بىزنىڭ مەنئۇيىيەتتىن ئىبارەت كۈچلۈك قورالىمىز بولسىلا، سەگەكلىكىمىزنى ساقلىيالىساق، ئارتۇق غەم قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇلار مەلۇم جەمىيەتتىكى ئاز ساندىكى بىر تۈركۈم پىكىر ئىگىلىرىگىلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمىيەت ئەزالىرىغا (ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە) ئومۇمىي تەلەپتۇر. پەقەت سىز ئۆزىڭىزنى

ئادەم دەپ قارايدىكەنسىز، چوقۇم بۇ مەسىلىلەردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماسلىقىڭىز كېرەك.

بولمىسا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەقلىي ئادەملىك بۇرچىنى تەرك ئەتكەن بولىسىز.

بىز پراگماتىزىم، مەۋجۇدىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك دېگەندەك غەربنى مەنبە قىلغان پەلسەپىلەرنى بىزدە مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايمىز. ئەمما، شۇخىل ئاتالغۇلارنىڭ يوقلۇقى بىزدە شۇنداق پەلسەپىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ،

غەربلىكلەرنىڭ تۆھپىسى شۇكى، ئۇلار بۇخىل مەسىلىلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، نەزەرىيىلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل بىر پەلسەپىۋى تەلىمات ھالىتىگە ئېلىپ كەلگەن. بىز ئۇنداق قىلمىغان. پەلسەپە نوقۇل سىستېمىلىق بىر نەزەرىيە ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، باشقا ھەرخىل سىستېمىسىز، پارچە-پارچە قاراشلار ئىچىدىمۇ شۇ خىل پەلسەپىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ھايات بولىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز دەل مۇشۇ ئېلېمېنتلارنى سۈزۈۋېلىپ، بىرىكتۈرۈپ، سىستېمىلاشتۇرمىغان. مەن بىر قىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈشۈم مۇمكىن. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى يا ئاغزاكى، يا خەتتە ئىپادىلىمىدىم، بۇنىڭلىق بىلەن مەندىكى مۇھەببەتنى يوق دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟ ئۇمۇ ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ قارىسا، ماڭا ئۇۋال قىلغان بولامدۇ؟ گەرچە مۇھەببىتىمنى ئىپادىلىمەسلىكىم مەلۇم دەرىجىدە ئەخمەقلىق بولسىمۇ.

بەلكىم سىز پەلسەپە ئەسىرلىرىنى كۆرسىڭىز تولىمۇ چۈشىنىكسىزلىك، مۇجمەللىك ھېس قىلىشىڭىز، پەلسەپىنى پەقەتلا بىر نەزەرىيىلەر دۆۋىسى دەپ قاراپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، بۇ سىزنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىڭىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ياكى تەپەككۇرىڭىزنىڭ گاللىقىدىنمۇ؟

ئۇنداق ئەمەس،

بۇ يەردىكى تۈپكى مەسىلە سىز پەلسەپە كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرگە سىز پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيسىز، ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن ئالاقىسىز، دەپ قارايسىز. (ئەلۋەتتە، ئۇ سىزگە تاماقنى قانداق ئېتىشنى، قانداق يېيىشنى ياكى ئۆينى قانداق سېلىش، جابدۇشنى

ئۆگەتمەيدۇ، ئۇ پەقەت سىزگە نېمە ئۈچۈن، قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ). ئەگەر سىز يۇقىرىقىدەك (پەلسەپە كۆكۈل بۆلىدىغان) مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەن،

ئۇلار مۇھىم ئىكەن، دەپ قارىغان بولسىڭىز، چوقۇم ئۇ ھەقتە ئاز ـ تولا پىكىر قىلغان بولاتتىڭىز، شۇنىڭ بىلەن پەلسەپە سىزگە ئۇنچىۋالا يوچۇن، بىمەنە، چۈشىنىكسىز بىلىنمىگەن بولاتتى.

سىزنى بىر تەنتەربىيە كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپ پەرەز قىلايلى، سىز بازار ئايلىنىپ بىر ماگىزىنغا كىردىڭىز، ئەمدى سىزدىن سوراپ باقاي، سىز ئاۋال نېمىگە دىققەت قىلدىڭىز؟ (ياكى نەزىرىڭىز ئاۋۋال نېمىگە چۈشتى؟) چوقۇم سىز ئاۋال تەنتەربىيە كىيىم ـ كېچەكلىرى ياكى سايمانلىرىغا قارايسىز. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى سىز تەنتەربىيىچى، شۇلار سىز ئەڭ كۆڭۈل بولىدىغان نەرسىلىرىڭىز، سىزنىڭ تەنتەربىيىچى بولۇش مەقسىتىڭىز، شۇلارغا بولغان ئېھتىياجنى پەيدا قىلغان، بۇ ئېھتىياج ئۆز نۆۋىتىدە سىزنىڭ شۇ نەرسىلەرگە (باشقا نەرسىگە قارىغاندا) بەكىرەك كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزگە سەۋەب بولغان، يەنە مەسىلەن، سىز بىر سەپەرگە چىقماقچى، سەپەرگە زۆرۈر لازىمەتلىكلەرنى ئالدىڭىز، يولغا چىقتىڭىز، يولدا يەنە بەزى لازىمەتلىكلەرنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلدىڭىز، سەپەرنى داۋاملاشتۇرغاچ يول بويىدىكى دۇكان، ماگىزىنلاردىن چالا قالغان نەرسىلەرنى ئالدىڭىز، بۇ جەرياندا سىز پەقەت سەپەرگە چىققان ئادەمدە كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرگە بەكىرەك دىققەت قىلىسىز، شۇلارنى باشتا ئالىسىز.

يۇقىرىقىلاردىن بىز مۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشىمىز:

مەلۇم بىر مەقسەت مەلۇم ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛

ئادەم ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ كونكرېت ھەرىكەت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛

ئادەم كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نەرسە دەل ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىدۇر؛

ئادەم ئەڭ ئاۋال ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىگە دىققەت قىلىدۇ.

دېمەك، بىر ئادەمگە نىسبەتەن مەقسەت پەيدا قىلغان ئېھتىياج ۋە ئۇنى قاندۇرغىلى بولىدىغان ياكى قاندۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ساھە، شەيئىلەر ياكى شۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر شۇ ئادەمگە نىسبەتەن (باشقا ساھەگە قارىغاندا) ئەڭ تونۇشلۇق، پىششىق بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر سىزمۇ ئۆزىڭىزنى مەنمۇ ئۆزەمنىڭ كەملىكىنى بىلىشكە، ھاياتنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە، قىسقىسى ئادەمدەك ياشاشقا ئېھتىياجلىق دەپ قارىسىڭىزلا، سىز پەلسەپۋى ئىزدىنىشنى باشلىۋەتكەن بولىسىز، شۇنىڭ بىلەن پەلسەپە يەنە سىزگە ناتونۇش نەرسە بولمايدۇ. يەنە كېلىپ سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالسالا كۇپايە، دەپ قارىسىڭىز، يەنىمۇ تەپسىلىي ئېچكىرىلەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

كىشىلەر پەلسەپىنىڭ رولى ئېنىق، كونكرېت بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ كىشىلەر ئادەتتە كۆزدە كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىگىلا ئىشىنىپ ئۆگىنىپ قالغان، بۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى كۆزىنى تېخى ئاچالمىغان. ئادەمدە يۈزىگە جايلاشقان كۆزىدىن باشقا يەنە بىر كۆز بولىدۇ، گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، پەلسەپىنىڭ رولىنىڭ خىرەلىكى، ئۇنىڭ ھەل قىلغان (ياكى ھەل قىلىدىغان) مەسىلىلەرنىڭ بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىمىزدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىدە.

ئىلىم ـ پەن سۈزۈكلۈك، ئېنىقلىقى، كونكرېتلىققا تولغان، ئەكسىچە، پەلسەپە ئابستراكىت (مەۋھۇم) ئۇقۇم، نەزەرىيىلەرگە تولغان. ئەمما، ئىلىم ـ پەندىكى ئېنىقلىق پەلسەپىنىڭ ئۇل سېلىشىدىن كەلگەن، يېڭى پەن، يېڭى بىلىم، پەلسەپىنىڭ خىرەلىكىدىن باشلىنىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ ئېنىقلىقىدا مۇكەممەللىشىدۇ. ۋىل دولانت مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر پەن پەلسەپىدىن باشلىنىپ، سەنئەتتە ئاخىرلىشىدۇ». ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى سەنئەت بىز چۈشەنگەن ناخشا ـ ئۇسۇلدىنلا دېرەك بېرىدىغان سەنئەت ئەمەس. پەلسەپە بىر شەيئى

ھەققىدىكى يېڭى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى شەرھلەشكە باشلايدۇ، بۇ شەرھلەش كونكرېتلاشقانسىرى ئاستا ـ ئاستا ئىلىم ـ پەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمما، بەزىدە ئىلىم ـ پەن ھەرگىزمۇ پەلسەپە جاۋاب بېرىدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، ياخشىلىق، يامانلىق، گۈزەللىك، رەزىللىك، غايە، ئېتقاد دېگەن مەسىلىلەرگە ئىلىم ـ پەن ئامالسىز.

ئىلىم ـ پەن ئانالىز قىلىش، تەھلىل قىلىشنى ئاساسلىق ئۇسۇل قىلىدۇ. ئۇ بىر پۈتۈن شەيئىنى پارچىلاپ، يەككە ـ يەككە ھالىتىدە تەتقىق قىلىدۇ. پەلسەپە دەل ئەكسىچە، ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەككە ـ يەككە شەيئى، ئۇقۇملارنى سىستېملاشتۇرۇپ، بىر گەۋدە ھالىتىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىلىم ـ پەن شەيئىلەرنىڭ نەق ھالىتىنى، رولىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، پەلسەپە مەنىسىنى، قىممىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئىلىم ـ پەن كۆرگەنلا نەرسىدىن پايدا ئىزدەيدۇ، پەلسەپە بولسا مەنە ئىزدەيدۇ. ۋىل.دولانت يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ـ پەن بىزگە ئادەمنى قانداق قۇتقۇزۇشنى، قانداق ئۆلتۈرۈشنى ئۆگىتەلەيدۇ، پەقەت ئەقىللا بىزگە قانداق چاغدا قۇتقۇزۇش، قانداق چاغدا ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ». دېمەك، ئىلىم ـ پەن بىزگە قورال تۇتقۇزالايدۇ، قانداق ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگىتەلەيدۇ، ئەمما كىم ئۈچۈن، قانداق چاغدا ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، بۇ پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى. مېنىڭچە، پەلسەپە ئۆزىنىڭ رولىنى، ئۈنۈمىنى پەيلاسوپلارنىڭ نەزەرىيە، شەرھلىرىدە ئەمەس، بەلكى شۇ پەلسەپە ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان سىياسىيون، پائالىيەتچىلەرنىڭ ئىجراسىدا ئاندىن ۋايىغا يەتكۈزۈپ نامايان قىلىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، مەلۇم بىر پەيلاسوپنىڭ قاراش ـ تەلىماتلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقەت، مۇقەددەس تۇتقا قىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

مۇقەררەركى، شەخسنىڭ قاراشلىرى چەكلىملىككە ئىگە. فىزىكلار ئۈچۈن دۇنيانىڭ ماھىيىتى ـ ھەرىكەت؛ خىمىكلار ئۈچۈن ماددا؛ ماتېماتىكلار ئۈچۈن سان. دېمەك، كىشىلەر

ئۆزى ئۆچۈن تونۇشلۇق، پىششىق ساھەدىن چىقىپ، دۇنيا ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى بىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي پىكىر يۈرگۈزەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ساقلىنىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئەزەلىي كەمتۈكلۈك. پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ مۇتلەق مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمەسلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. (بىلىش كېرەككى ئەقلىمۇ ئىنسانغا بىرسىناق) پەلسەپە چوقۇم باشلىنىشى ۋە تۈگۈنچىسى بار ئەبەدىي ھەقىقەتلەر ئاساسىغا قۇرۇلۇشى، تەلىماتى، مىللەت، دۆلەت، مەدەنىيەتتىن ھالقىيالىشى كېرەك. پەلسەپىنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قاراشقا بولىدىغان ئۆلى، تەلىماتلىرى باغلىنىدىغان ئۇقى بولىدۇ. ناۋادا بۇ ئۆل، ئۇقلارمۇ پەرەز، قىياس ئاساسىغا قۇرۇلسا، بۇ پەلسەپە ئىبلىسنىڭ ئەپسۇنىغا ئايلىنىدۇ.

مېنىڭچە، ئىنسانلار مەلۇم مىللەت، مەدەنىيەتكىلا تەۋە، شۇلارنىڭلا بەخت، مەنپەئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلالايدىغان پەيلاسوپلارنىڭ ئەمەس، ئىرق، مىللەت، مەدەنىيەت چېگرىسىدىن ھالقىغان، بارلىق ئىنسانلارنىڭ بەخت مەنپەئىتىگە باراۋەر ۋەكىللىك قىلالايدىغان پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەگىشىشى كېرەك.

نېتزىنىڭ پەلسەپىسىنى گىتلېر ئىجرا قىلغان، ماركىسنىڭ پەلسەپىسىنى لېنىن، ماۋزېدۇڭلار ئىجرا قىلغان، جامالىدىن ئافغانىنى، رەشىد رىزالار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىنى ھەسەنۇلبەننا ئىجرا قىلغان؛ ئوتتورا ئاسىيادىكى جەدىتچىلىك ئىدىيىسىنى، بەزىدە ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندىلەر ئىجرا قىلغان. دېمەك، تارىخنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، پەلسەپەدىكى يېڭىلىنىش، ئىنقىلاپ ھەممىشە دۇنيانىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت ھالەتلىرىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. يۇقىرىقى پەلسەپە ھەممىمىزگە ئايان. بىزمۇ مەن باشتا دېگەندەك پراگماتىزمنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرى بولماقتىمىز. قارىغاندا پەيلاسوپلار ئۆز پەلسەپىسىنىڭ رولىنى، نەتىجىسىنى ھايات ۋاقتىدا كۆرەلمىسە كېرەك.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم پەلسەپە ھەققىدىكى پارچە ـ پۇرات گەپلەردۇر. بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ھەممىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

## ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ساۋاتلىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە نۇزۇگۇمنى بىلمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك، ھېچبولمىغاندا ئاڭلاپ باققان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما نۇزۇگۇم تېمىسىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان يازغۇچىلار تەرىپىدىن، ئوخشىمىغان ژانىردا قايتا ـ قايتا يېزىلغانلىقىنى بەلكىم خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلمىسەكېرەك. ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ قەھرىمانىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ، ئەۋلادلارنىڭ ئۆز قەھرىمانىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئۇلارنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، قەھرىمانلىرىغا ئاتاپ ئەسەرلەر يېزىشىدۇ.

مەلۇمكى، «نۇزۇگۇم» تېمىسىغا ئوخشاش، ئوخشىمىغان يازغۇچى تەرىپىدىن ئوخشىمىغان ماكان، زامانلاردا تەكرار يېزىلىدىغان بۇنداق ئىجادىيەت ھادىسىسى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ھەرگىزمۇ يېگانە ھادىسە ئەمەس. مەيلى غەرب ئەدەبىياتىدا، مەيلى شەرق ئەدەبىياتىدا بولسۇن بۇنداق ھادىسلەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكىلا يەككە ھادىسە ئەمەس. «نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بىزدە تەكرار ـ يېزىلىشىنىڭ چوڭقۇر تارىخى يىلتىزى بار. تۆۋەندە بىز مەزكۇر ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ شەرق ـ غەرب ئەدەبىياتىدىكى ۋە شۇنداقلا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نامايەندىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز. روشەنكى، بۇنىڭ مەزكۇر ئىجادىيەت ھادىسىسىنى توغرا، ئىلمىي چۈشىنىشىمىزدە ياردىمى زور.

«نەزىرە» دېگەن بۇ سۆز ئەسلى ئەرەپچىدىن كەلگەن بولۇپ ، «ئوخشاش» ، «بىردەك» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە . ئەمما ، ئىسلام كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۇ «تەقلىد قىلىش» دېگەن مەنىدە قىللىنىلىدۇ. نەزىرە دېگىنىمىز ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ياكى زامانداش ئەدىبلەرنىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش قىلىپ ياكى ئۇنىڭغا جاۋاب تەرىقىسىدە يېزىلغان شېئىرىي ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ، ئىككىنچى بىر شائىر (ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ياكى زامانداش) نىڭ شېئىرىغا ۋەزىن ، شەكىلجەھەتتىن ئوخشاش قىلىپ يېزىلغان شئىر[1]. تېخىمۇ چۈشىنىشلىك دېگەندە ، نەزىرە باغلاش ھادىسىسى ئەسلىدە يېزىلىپ بولغان مەلۇم بىر ئەسەرنى دوراپ ، شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئىلىپ بېرىلىدىغان ئىجادىيەت ھادىسىسىدۇر .

ئەمما ، بۇ ھەرگەزمۇ ئاددىي مەنىدىكى نوقۇل دوراپ قويۇشلا ئەمەس. بەلكى ئەسلى ئەسەرنىڭ تېما ، سۇژېت ، بەدىئىي ئوبراز قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش ، ئىمكانقەدەر ئەسلى ئەسەردىن ئاشۇرۇۋېتىش ، ئۆزىگە خاس سەنئەت قىممىتى يارىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.بۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسى ،شۇ دەۋرنىڭ روھى سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا ، بۇنى ئەسلى ئەسەرنى كۆچۈرۈپ قويۇش دەپ چۈشەنسەك خاتالاشقان بولىمىز .

شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا «نەزىرە» ئەنئەنىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخى ئەنئەنىگە ئىگە . ئۇ ئەڭ دەسلەپتە بىر قەدەر قىسقىراق ئەسەرلەردە مەيدانغا كەلگەن ، كېيىن 10 ـ 12 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نۇرغۇن زور ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.شۇنىڭ بىلەن «نەزىرە» يازغۇچىلار دىققىتىنى يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن چوڭ ئەسەرلەرگە قارىتىشقا باشلىدى. بۈيۈك پارىس شائىرى فىردەۋسىنىڭ (934 ـ 1020) «شەھنامە» سى ۋە نىزامى گەنجەۋىنىڭ (1029 ـ 1141) «خەمسە» مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ، نۇرغۇن ئەدىب ، شائىرلار خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك ، بەس ـ بەستە «نەزىرە» يېزىشقا كىرىشىپ ، شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا «نەزىرە» يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.[2]

ماهيەتتە، نىزامى گەنجەۋىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن «خەمسە» چىلىك قىزغىنلىقى دەل «نەزىرە» دىن ئىبارەت ئەنە شۇنداق بىر خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزگە مەنبە قىلغانىدى. شۇندقلا، بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى شەرق ـ ئىسلام ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، مەلۇم دەرىجىدە شۇنداق دىيىشكە بولىدۇكى، غەرپ ئەدەبىياتىغىمۇ قىسمەن تەسىر كۆرسەتكەن. مەشھۇر ياۋروپا ئەدىبلىرىدىن گىيوتى، ھىيۇگو، ھىينى، پۇشكىن قاتارلىقلارمۇ ياۋروپا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ يېڭى ئەسەر يازغان ھەمدە ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلغان مەلۇم تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان.

گىيۇتى بالدۇرلا ئىسلام ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ھەۋەس قىلغان. ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان ھەم بىر پارچە «مۇھەممەد ناخشىسى» دەيدىغان شېئىر يازغان. 1813 ـ يىلى ھاپىزنىڭ گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلار توپلىمىدىن ئىلھاملىنىپ «شەرق ـ غەرپ شېئىرلار توپلىمى» نى يېزىپ چىققان... ئەنگىلىيەنىڭ ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ماسيۇ ئارنولد (Mathew Arnold1888 ـ 1822) نىڭ بىر ئۆزۈن داستانى «سۇھراب بىلەن رۇستەم» (1853 ـ يىلى يېزىلغان) مۇ دەل فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى ئىچىدىكى شۇ ناملىق بابقا تەقلىد قىلىنغان.[3]

دېمەك، نەزىرە ئەنئەنىسى شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئەنئەنىسى بولۇپ، بۇ پارس ـ تۈركىي تىلىدىكى ئەدىبلەرگە جۈملىدىن ئۇيغۇر ئۇيغۇر ئەدىبلىرىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەدەبىي ئۇيغىنىش دەۋرىدىن كېيىن، غەرپ ئەدەبىياتىدىمۇ ئىلگىركى كونا تېما، رىۋايەتلەر ئاساسىدا قايتا يېڭىدىن ئەسەر يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

«پرومېتى» قەدىمكى يۇناندىكى بىر رىۋايەت. ئۇنى ئەيسكۇلۇس مىلادىيەدىن ئىلگىركى 500 ـ يىللاردا ترىلوگىيەنىڭ 1 ـ قىسمى پۇتۇن، 2 ـ، 3 ـ قىسمى تاماملىنالمىغان. گېرمانىيە شائىرى گيۇتىمۇ «پرومېتى» نى ئەسلىدىكى دېتاللاردىن پايدىلىنىپ قايتا يېزىپ چىققان، ئەمما تولۇق تاماملىيالمىغان.[4]

يەنە 1819 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك شائىر شېللىي (1792 ـ 1822) شېئىرىي دراما «ئازاد قىلىنغان پرومېتى»نى قايتا يېزىپ چىققان. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۇكسەك پەللىسى بولۇپ قالغان.[5]

1816 ـ يىلى ئەنگلىيە شائىرى بايرون (1788 ـ 1824) شېللىينىڭ تەسرى بىلەن «پرومېتى» نى يەنە يازغان. «دون جۇئان» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا ئىلگىرىدىنباشلاپ تارقىلىپ كەلگەن، ئەمما بۇ تېما 1630 ـ يىلدىن تاكى 1912 ـ يىلغىچە ئوخشىمىغان نام، ئەمما ئوخشاش تېمىدا قايتا ـ قايتا يېزىلغان.

16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئەدەبىيات ئالتۇن دەۋرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، كۆزگە كۆرۈنگەن دراماتورگى تىرسو مولىنا 1630 ـ يىلى «دون جۇئان» نى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ 1912 ـ يىلىغىچە 14 نەپەر يازغۇچى تەرىپىدىن تەكرار يېزىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر يازغۇچىلاردىن فرانسىيەنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ئالېكساندېر دۇماس (1802 ـ 1870)، ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق شائىرى بايرون(1788 ـ 1824)، مەشھۇر رۇس شائىرى پۇشكىن (1799 ـ 1837) ۋە فرانسىيەنىڭ شائىرى، مەشھۇر ئەدەبىيات سەنئەت ئوبزورچىسى بودلېر (1821 ـ 1862) قاتارلىقلار بار.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش فائۇستمۇ 16 ـ ئەسىردىكى بىر شەخس بولۇپ، كېيىن خەلق رىۋايەتلىرىدە سېھرگەرلىكنى بىلىدىغان سىرلىق شەخس سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. شۇنداقلا، 1857 ـ يىلىدىن باشلاپ، 1947 يىلىغىچە بولغان يۈز يىل ئىچىدە ئون نەچچە قېتىم تەكرار يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر يازغۇچىلاردىن شېكىسپىيردىن كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر ئەنگلىيە دراماتورگى كرىستوفېر مارلوۋ (1564 ـ 1593)، مەشھۇر گېرمان يازغۇچىسى گىيۆتى، ھېنرىخ ھېينى (1797 ـ 1856)، 1929 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن گېرمان يازغۇچىسى توماس مان (1875 ـ 1955) قاتارلىقلار بار.[6]

يەنە ئىسپانىيەنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەڭ بۈيۈك يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ مەشھۇر رومانى «دونكىخوت»مۇ 1605 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ يەنە 1614 ـ يىلى ئالونسو فېرناندىس دېگەن يازغۇچى نامىدىن ئۇنىڭ داۋامى يېزىلغان. ئەمما، بۇ دەل ئاقسۆڭەكلەر كاتولىك پوپلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپ، سېرۋانتېسقا قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭ رومانىنىڭ تەسىرىنى توقىتىش ئۈچۈن يېزىلغان[7].

شۇنداقلا يەنە ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «جاۋ ئائىلىسىنىڭ يېتىم ئوغلى» دەيدىغان شېئىرىي دىرامىسى ياۋروپادا كەڭ تارقىلىپ تەسىر قوزغاش بىلەن بىرگە نۇرغۇن يازغۇۋچىلار تەرىپىدىن قايتا يېزىلغان. بۇ دىراما 18 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى فرانسوزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، فرانسىيەگە كىرگەن. ناھايىتى تېزلا ئىنگلىز، گېرمان، ئىتالىيان، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. 741 ـ ئەنگلىيەلىك رىچارد خۇرد ( Richard hurd) تەرىپىدىن «جۇڭگولۇق يېتىم ئوغۇل» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1752 ـ يىلى ئىتالىيە دراماتورگى پېترو تاستاسئو (pietro Me Tastasio) «جۇڭگۇ قەھرىمانى» دەپ يازغان. 1755 ـ يىلى مەشھۇر فرانسىيە ئەدىبى، مۇتەپپەكۇرى ۋولتېر بۇ دىرامىنىڭ ئىلھامىدا بەش

پەردىلىك بىر شېئىرىي دىراما يېزىپ، پارىژدا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ زىلزىلە قوزغىۋەتكەن. شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ تېزلا ئىنگلىزچە ئىتالىيانچە تەرجىملىرى بارلىققا كەلگەن[8].

دېمەك، بۇ يەنە باشقا ئەل ئەدەبىياتىدىمۇ كۆرۈلگەن. مەسلەن، ھىندىستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى سارشارمۇ ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەم ئۇنىڭ رومانى «دونكىخوت» نى ئوردو تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شۇنداقلا، شۇنىڭ تەسىرىدە «ئازاد ھەققىدە رىۋايەت» ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان. رومانىنىڭ ۋەقەلىك، سۇفتى «دونكىخوت» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. يازغۇچى ئۆزىمۇ بۇنى تىلغا ئالغان. رومانىنىڭ باش پېر سۇناژى ئازادمۇ ماھىيەتتە دونكىخوتقا تەقلىد قىلىنغان. ئازادنىڭ ھەمراھى خوۋچ دونكىخوتنىڭ ھەمراھى سانچوپانسوغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئوردو تىلى ئەدەبىياتىدىكى «سانچو پانسو» بوپقالغان[9].

خەنزۇ ئەدەبىياتى، شۇنداقلا شەرقتىكى خوشنا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ بۇنداق ھادىسە كۆرۈلگەن. تاڭ دەۋرىدىكى جىن ـ ئەرۋاھلار ھەققىدىكى رومانلار چاۋشيەنگە كىرگەندىن كېيىن چاۋشيەن يازغۇچىسى جىن ششى شۇ رومانغا تىقلىد قىلىپ «ئالتۇن بېلىق ھەققىدە يېڭى پاراگلار» ناملىق رومانىنى يازغان.كېيىن يېزىلغان «ماۋۈنىڭ تەرجىمھالى»، «جوماۋنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق رومانلارمۇ ئەمەلىيەتتە جوڭگونىڭ كىلاسسىك رومانى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» گە تەقلىد قىلىنغان... يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئايال يازغۇچىسى خۇاڭ لۇيىن گىيۇتىنىڭ رومانى «ياش ۋېتېرنىڭ دەردى»گە تەقلىد قىلىنغان رومانىنى ئېلان قىلغان[10]. ھازىرمۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىغا سەل دىققەت قىلغانلارغا مەلۇمكى، خەنزۇلارنىڭ كىلاسسىك رومانلىرىدىن «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق رومانلاردىكى ۋەقەلىكلەرگە تەقلىد قىلىنغان

ياكىئۇنىڭ دەۋامى قىلىنغان ئەسەرلەرنى تولا ئۇچرىتىمىز ھەم بۇ ھەقتە كىنو، تېلېفىلىملەرمۇ ئىشلەندى.

دېمەك، ئەدەبىياتتا ئوخشاش بىر تېمىنىڭ تەكرار يېزىلىش ھادىسىسى پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ھادىسىدۇر. بۇ خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسى پەقەت مۇلۇم مىللەت ئەدەبىياتىدا باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدىن كۈچلۈكبولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تامامەن يوق بولۇشى ناتايىن.

ئۇنداقتا، بۇ خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا قانداقراق ئورۇن تۇتىدۇ؟

شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ «نەزىرە» باغلاش ھادىسىسى كەڭ ئومۇملاشقان ۋە كۆپ قوللىنىلغان. مېنىڭچە بۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار ھەرقانداق كىشىگە تولىمۇ ئايدىڭ بىر پاكىت. گەرچە بۇ يەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەكرار يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇرلىرىنى تىلغا ئېلىش زۆرۈردۇر.

نەۋائىينىڭ «خەمسە» سى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ «خەمسە» سىدىن ئوزۇق قوبۇل قىلىپ ئەسەر ئىجاد قىلغان ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيگەن. بەزى ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى نەسرىي تىلغا ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ ئاددىي، ئاممىباب تىل بىلەن خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماقچى بولغان.

18 ـ ئەسرنىڭ ئاخرى 19 ـ ئەسرنىڭ باشلىرىغىچە نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىنى چۆشىنىشلىك تىل بىلەن نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش بىر دولقۇنغا ئايلانغان. 18 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن شائىر مەھزۇن نەۋايىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرغان ھەم ئۇنىڭغا «شاھزاد پەرھاد ۋە مەلىكە شېرىن» دەپ نام قويغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن يەركەنلىك ئەدىب ئۆمەر باقى يەركەندى نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىن «پەرھاد شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»نى تاللاپ نەسرىي شەكىلدە قايتا يېزىپ چىققان. موللا سىدىق يەركەندى نەۋايىنىڭ پۈتۈن خەمسەسىنى «نەسرىي خەمسە» گە ئايلاندۇرغان.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى موللا پازىل 1705 ـ يىلى نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىن پايدىلىنىپ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنى يېزىپ چىققان.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بولسا نەۋايىدىن كېيىنكى ئەڭ ھوسۇللۇق ئۇيغۇر ئەدىبىدۇر. ئۇنىڭ يازغان «پەرھاد ـ شېرى»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق ئىككى داستانىمۇ نەۋايىنىڭ شۇ ناملىق داستانىغا تەقلىد قىلىنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى جەريانىدا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئىجادىي ئەمگەك قوشقان ھەم بۇنى كۆچلۈك يەرلىك پۇراقتا ئىگە قىلغان.

19 ـ ئەسرنىڭ ئاخرى 20 ـ ئەسرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئۆتۈش باسقۇچىدا ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ سابىق

سوۋېت ئىتپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى بەزى داستانلار سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلىپ زىلزىلە قوزغىدى. 1930 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا داغدۇغىلىق مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى ئوزۇق بەخش ئەتتى. 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىردا بەزى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»نى درامىغا ئايلاندۇرۇپ، سەھنىلەردە ئوينالدى ۋە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان نىمشېھىت(1906 ـ 1972) خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ۋارىيانتىغا ئاساسەن نەۋائىينىڭ «پەرھات ـ شىرىن»نى «مەڭگۈي ۋە پەرھاد ـ شىرىن» دېگەن ماۋزۇدا يېزىپ چىققان ھەم بۇ داستاننىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر تۇرمۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان. مەزكۇر تېمىنى نۇرمۇھەممەت توختى يەنە قايتا يېزىپ چىقتى.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەكرارلانغان تېمىلار نوقۇل پەرھاد ـ شىرىنلا ئەمەس، ئۇيغۇر شائىرى غېرىبى يەنە «خەمسە» دىكى «سەبئى سەييار» دىن سۈژېت ئېلىپ «بەھرام ۋە دىلئارام» نى قايتا يېزىپ چىققان. مەلۇمكى، نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىمۇ نىزامى گەنجەۋىنىڭ «خەمسە» سىگە تەقلىد قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ئىسكەندەرنامە» لەرمۇ تەكرار ـ تەكرار يېزىلغان.

نىزارىنىڭ يازغان داستانى «رابىئە ـ سەئىدىن» نىمۇ ئەھمەد زىيائى قايتا يازغان. «غېرىپ ـ سەنەم» لەرمۇ شۇنداق بولغان.

دېمەك، تېمىلارنىڭ تەكرار يېزىلىشى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇزاق تارىخقا، چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بىر خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىز ـ پاكىتلىرىنى «نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەردىنمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز. «نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قايتا ـ قايتا يېزىلىشى، ماھىيەتتە ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزگە مەنبە قىلغان.

تۆۋەندە بىز نۇزۇگۇمنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

نۇزۇگۇم ھەرگىزمۇ تارىختا تەكرارلانغان، پەرھاد ـ شېرىن، غېرىب ـ سەنەملەرگە ئوخشاش رىۋايەتلەردىكى توقۇلما شەخس ئەمەس بەلكى ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن، رېئال بىر تارىخى شەخس. شۇڭلاشقا، بىز ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇزۇگۇم ئوبرازى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتىن ئاۋۋال، تارىخى نۇزۇگۇم بىلەن تونۇشۇپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر.

ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن قولىمىزدا بار تارىخى ماتېرىياللاردا نۇزۇگۇم ھەققىدە ئېنىق بىر خاتىرە يوق. ئەمما، بۇنداق بىر يازما ئىسپاتنىڭ بولماسلىقى نۇزۇگۇمنىڭ ئۆتمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت بىر توقۇلما ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى، تارىخى ماتېرىياللاردا شۇ مەزگىلدىكى قەشقەردە چىرىك ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭ ۋە قەشقەردىن ئىلىغا ئاھالە سۈرگۈن قىلغانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك پاكىتلار بار. نۇزۇگۇم ھەققىدىكى داستان، قىسسەلەردە، نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىدا تەمسىلەنگەن يىپ ئۇچى، ئۇچۇرلاردىن يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ راست يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر نۇزۇگۇم شۇ ئىشلارنى كۆرمىگەن، بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئۇ ھەقتە ئەسلىمە، قوشاق قالدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۆۋەندە بىز شۇ ۋاقىتتىكى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مۇللا بىلالنىڭ قىسسەسىدە مۇنداق بايانلار بار. : «داۋانخان خان بولۇپ، ئالتە يىل بولغاندا جاھانگىر خوجا قەشقەرگە كېلىپ، سوقۇشۇپ، قەشقەرنى ئۆزىگە تابىئە قىلىپ ئالتا ئاي سورىغان. ئاندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىن چىنكۇنكى دېگەن جياڭجۈن نۇرغۇن لەشكەر ئالىپ قەشقەرگە كەلگەن... يىخوزايان دارىن دېگەن جياڭجۈنلەر بىر بولۇپ، جاھانگىر خوجا بىلەن سوقۇشۇپ، جاھانگىر خوجانى تۇتۇپ داۋانخاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىپ، قەشقەردىكى ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلىرىنى غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەر بىر خوتۇننى بىر قالماققا خوتۇن قىلسۇن دەپ تۇتۇپ بەرگەنىكەن. ئەمما، نۇزۇگۇم دېگەن خوتۇننى ئاكىسى بىلەن بىر قالماققا بەرگەنىكەن»

بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە شىرىپىدىن ئۆمەر مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: ئاپاق غوجىنىڭ ئوغۇللىرى بۇرھىنىددىن بىلەن خان غوجا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرى ھىسابلانغان خوجا جاھان ئەرشىنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈپ، جوڭغارلارنى تىنچلاندۇرغىلى كەلگەن مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى كۆرەشكە ئۆتىدۇ. 1757 - يىلى باشلانغان جىدەل 1759 - يىلىغا كەلگەندە ئىككى خوجىنىڭ يېڭىلىش، قەتلە قىلىنىشى بىلەن تۈگەيدى. بۇ تازىلاشتىن جاھانگىر خوجىنىڭ كىچىك بالىسى سامساق خوجا تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋاخاننىڭ خىلۋەت جايلىرىغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇندى. كېيىنرەك ئۇ قوقەنگە ئۆتۈپ، شۇ جايدا تۇرۇپ قالىدۇ ۋە شۇ جايدىن ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭى يۈسۈپ خوجا، ئوتتۇرانچىسى باھاۋدۇن خوجا، كىچىكى جاھانگىر خوجا ئىدى. ئارىدىن بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى راسا چىرىكلىشىدۇ. شىنجاڭدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھاكىمىيەتنى ئوغرى - قاراقچىلارغا سېتىپ بېرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. خەلق مەنچىڭ ۋە يەرلىك فېئوداڭ ئەمەلدارلار ھەم ئۇلارنىڭ غالچىلىرى قولىدا خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭدا قېلىپ، ئۇلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى

قايناپ ـ تېشىپ، سەۋر قاچىسى يېرىلىپ، 1816 ـ يىلى قەشقەردە زىياۋدۇن رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. لېكىن، بۇ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇزۇندىن بىرى بوۋىسىنىڭ قەشقەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن جاھانگىر خوجا قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتى ۋە يەرلىك فېئوداللارغا بولغان نارازىلىقى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىدىن پەيت كەلدى دەپ بىلىپ، بۇرۇن قەشقەردىن قوغلىۋېتىلگەن سودىگەرلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن زىياۋۇدۇن قوزغىلىڭىغا ئۇلاپلا 1816 ـ يىلى قەشقەرنىڭ غەربىدىكى تاشمىلىقتا قوزغىلاڭ كۆتۈردۇ. ئۇ بۇ قېتىم يېڭىلىپ قېچىپ كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ بىر شىددەتلىك بوراننىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇ قايتىپ كۈچ توپلاشقا كىرىشىدۇ. ئۇ چوڭ ئاكىسىنىڭ بۇخاراغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارنىڭ ئاتامانى سۇرەنچى بەگنىڭ باشچىلىقىدا 1822 ـ يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما، شەھەرنىڭ سىرتىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا دۇچ كېلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ چېكىنىپ نارىنىدىكى «بولۇر» قىرغىزلىرىغا قوشۇلىۋالىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن بىر كۈنلۈك قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارنى «قورۇتقۇ» قورغىنىغىچە قوغلاپ بېرىپ، قايتاشىدا بىر تار جىلغىدا پىستىرمىغا يولۇقۇپ، پۈتۈنلەي ھالاك بولغىلىتاس قېلىپ، ئامان قالغىنى ئاران قېچىپ قۇتۇلىدۇ. بۇ مەنچىڭ خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇرۇش تارىخىدا بىرىنچى قېتىم يېڭىلىشى ئىدى. بۇۋەقە ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كېتىدۇ. خوجىلار بۇنىڭ بىلەن يېڭىباشتىن جانلىنىپ خورىكى ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئەمدى تەۋەككۈلچىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەر چېگىراسىغا تىكلىگەن بايرىقى ئاستىغا كېلىپ توپلىنىشقا باشلايدۇ. قوقەن خانى بۇ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئۈچۈن بىر قوشۇن تەييارلاپ، ئۇنىڭغا ئەيسا دادخاھ قوشبېگىنى باشلىق قىلىپ ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئەمدى خېلىلا قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغان جاھانگىر خوجا شۇنىڭ بىلەن 1826 ـ يىلى ئەتىيازدا

قەشقەرگە ھۇجۇم باشلايدۇ. ئۇ ھۇجۇم باشلاشتىن بۇرۇن، چوڭ بوۋىسى ئاپاق غوجىنىڭ قەشقەردىكى مۇرىتلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالىدۇ. نەتىجىدە قاتتىق جەڭ بولۇپ، ئىچكى - تاشقى قورشاۋدا قالغان مەنچىڭ ئارمىيەسى يېڭىلىدۇ. جاھانگىر خوجا قەشقەرگە غەلىبە بىلەن كىرىپ كەلگەندە، قەشقەر خەلقى ئۇنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالىدۇ... ئۇ قەشقەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى سەييىت جاھانگىر سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ.ئىككىنچى قەدەمدە، مەنچىڭ تەرەپتىن قويۇلغان، خەلققە چەكسىز زۇلۇم سالغان قەشقەر ھۆكۈمرانى مۇھەممەد سىيىتنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد سىيىتنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان خەلق جاھانگىر خوجىغا ئىشىنىپ ئۇنى قوللايدۇ...

جاھانگىر خوجىنىڭ تەسرى بىلەن، زورلۇق - زومبۇلۇققا چىدىيالماي ئاران تۇرغان يېڭىشەھەر، يەركەن، خوتەن، خەلقلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەنچىڭ چېرىكلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ كوچا - كويلاردا ئۇجۇقتۇرىدۇ، يېڭىشەھەر قورغىنىدىكى ئەسكەرلەر قانچىلىك قارشىلىق كۆرسەتمىسۇن، قانات - قۇيرۇقى كېسىلىپ بىرلى ئوشتۇلغانىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قورغىنىدىكى چىڭ ئەسكەرلىرىنى تەسلىم قىلىپ بۇ قورغان تۈزلىۋېتىلىدى.

تاجاۋۇزچى جاھانگىر خوجا قەشقەردىكى ھاكىمىيىتىنى بىر ئاز رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قوقەن خانى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرتىپكە سالماق بولىدۇ. قوقەن خانى مەدەلىخان، ئۇنىڭ غەلبىسى مېنىڭ كۈچۈم بىلەن قولغا كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر خانلىقى «مېنىڭ قارمىقىمدا بولۇپ، ماڭا بويسۇنۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. ئاقسۆڭەك خوجىلار بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. مەدەلىخان ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا چوڭ بىر قوشۇن ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن قەشقەر يېڭىشەھەر ئەتراپىدا جاھانگەر خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، 1000 ئادەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئامالسىز قايتىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا

مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ يولىغا چىققان خەۋىرى كېلىدۇ. ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى يەنىلا مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. قەشقەرگە كىرىشتە بۇ جايلار زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئىلى جياڭجۈنى جاھانگىر خوجىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئاران ئالتە يىل تۇتۇپ تۇرالايدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەسكەر مەنبەسى خۇيزۇ، موڭغۇل، شىۋە، سولانلار ئىدى. ئۇلاردىن تەشكىللەنگەن 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئوشۇق قوشۇن 1827 - يىلى 1 - ئايدا ئاقسۇغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاقسۇ، مارالبېشىدىن ئېلىنغان خۇيزۇ قوشۇنلىرى قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ تاكتىكىسى 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن زاۋال دەرياسىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىش، تاللانغان 7000 كىشىلىك قوشۇن يەركەنگە ھۇجۇم قىلىپ، قالغان زور قوشۇن قىزىل دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى ياقىلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىدى. شۇ پىلان بويىچە ھۇجۇمنى چاقماق تېزلىكىدە باشلايدۇ....

مەنچىڭ چېرىكلىرى يېڭىئاۋاتقا يېتىپ كەلگەندە، جاھانگىر خوجىنىڭ بۇ جايغا توپلانغان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار قاتتىق جان تىكىپ ئېلىشىدۇ... ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ چېكىنىدۇ. مەنچىڭ چېرىكلىرى قەشقەرنى ئۈچ تەرەپتىن ئامبۇردەك مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شۇ كېچىسى جاھانگىر خوجا قاراپ تاغقا قاراپ قاچىدۇ. ئەمما، داۋاننى قېلىن قار قاپلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆتەلمەي قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن مۆكۈپ تۇرۇپ، ئاخىرى قولغا چۈشىدۇ. ئۇ بېيجىڭغا - خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ قەتل قىلىنىدۇ. قەشقەرگە ياڭ دارىن(ياڭ فاڭ) رەھبەرلىكىدىكى گارنىزوننى قالدۇرىدۇ. ئۇلار خوجالار تۈزلىۋەتكەن يېڭىشەھەرنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىدۇ.

بۇ قېتىمقى خوجىلار بىلەن بولغان جەڭدە ئىسھاق بەگ زور كۆچ چىقارغىنى ئۈچۈن قەشقەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ.

مەنچىڭ چېرىكلىرى قوزغىلاڭنى تىنجىتقاندىن كېيىن، بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلققە دەھشەتلىك تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، 12 مىڭ تۇتۇننى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يانچى قىلىپ ئىلىغا كۆچۈرىدۇ. بۇ جەنۇپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1767 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىم سۈرگۈن قىلىنىشى ئىدى. مانا شۇ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان 12 مىڭ تۇتقۇن ئىچىدە، بۇ قوزغىلاڭغا بىۋاستە قاتناشقان، قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا خوجىمۇ بار ئىدى.

بىز بۇ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشتىن نۇزۇگۇمنىڭ ھەقىقەتەن رېئال شەخس ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەمما، نۇزۇگۇم قاچان تۇغۇلغان؟ نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن؟ قانداق قىز ئىدى؟ دېگەندەك ئىنچىكە تەپسىلاتلار ھەققىدە بىز يەنىلا قىياسقا تايىنىمىز.

ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دا «نۇزۇگۇم تەخمىنەن1808 ـ يىللىرى قەشقەر ئەتراپىدا بىر كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەسلىي ئىسمى ‹چولپانگۈل› بولسىمۇ...(259 ـ بەت)» دېيىلگەن. ئىلىغا قىلىنغان بۇ سۈرگۈن 1827 ـ يىلى يۈز بەرگەن. ئۇنداقتا بۇ چاغدا نۇزۇگۇم 20 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ. گەرچە ئېنىق 1808 ـ يىلى تۇغۇلغان دېيەلمىسەكمۇ 1805 ـ يىلى 1810 ـ يىلى ئارلىقىدا تۇغۇلغان دەپ ھۆكۈم چىقىرالايمىز. ئىسمىنىڭ «چولپانگۈل» ئىكەنلىكىمۇ بىر قىياس. ئەمما، نۇزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرىدا ئۆزىنى نۇزۇگۇم دەپ ئاتىشىدىن قارىغاندا، ئەسلى ئىسمىنىڭ نۇزۇگۇم بولۇشى ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئۇيغۇن.

نۇزۇگۇم ھەققىدىكى يەنە بەزى تارىخى مەلۇماتلارنى موللا بىلالنىڭ قىسسەسىدىن كۆرەلەيمىز. بۇنىڭدىكى ئۇچۇرلارنى باشقا مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چىن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، چۈنكى، بۇ قىسسە يۇقىرىقى ۋەقە يۈز بېرىپ 55 يىلدىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، نۇزۇگۇم ھەققىدە ئەڭ بالدۇر يېزىلغان يازما ئەسەردۇر. شائىر مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ۋاقىئاتلار كوناسال ئادەملەرنى موللا بىلال ئىبىن موللا يۇسۇپ نازىم ئۆيىگە چىللاپ كەلتۈرۈپ، تەھقىق بىلەن سوراپ، ئاڭلاپ، بىلىپ 1299 ـ يىلى روسىيە تارىخىدا 1882 ـ ماھى جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجا مەۋزىيىدە تەھرىر تېپىلدى.» (بۇلاق 1981 ـ يىلى 1 ـ سان 208 ـ بەت)

شائىر توختاجى روزى ئۆزى ماڭا مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: شائىر1966 ـ يىلى قەشقەردە تۇرغاندا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باش تېۋىپى ھېپىزىخان مەخسۇم بىلەن بىرگە تۇرغان. توختاجى روزىنىڭ ئېيتىشىچە، ھېپىزىخان مەخسۇم بۇخارا، ھىندىستانلاردا ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۆزى پىشقان موللا، ئۇستا تېۋىپ كىشىكەن. توختاجى روزى شۇ كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ، نۇزۇگۇم ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئىلھاملىنىپ نۇزۇگۇمنى يازغان. مەخسۇمغا نۇزۇگۇم ھەققىدىكى گەپلەرنى دادىسى دەپ بەرگەنىكەن. ھېپىزىخان مەخسۇمنىڭ شائىرغا دەپ بېرىشىچە، مەخسۇمنىڭ بوۋىسى نۇزۇگۇمنىڭ بوۋىسى بىلەن يېقىن قوشنا ـ بۇرادەرلەردىن ئىكەن. نۇزۇگۇمنىڭ دادىسى ئۇستا نەققاش بولۇپ، قەشقەر ھېيتگاھنىڭ ئۇچىنچى قېتىملىق قايتا رېمۇنتىغا قاتنىشىپ بارلىق نەقىشلىرىنى ئويغانىكەن. نۇزۇگۇم قەشقەرنىڭ تۇرمىتاي كۆلبېشى دېگەن مەھەللىسىدە تۇغۇلغانىكەن ھەم دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان موللا قىز ئىكەن (بۇ بايان موللا بىلالنىڭ نۇزۇگۇم موللا قىز ئىكەن، دېگەن بايانى بىلەن ئۇدۇل كېلىدۇ ھەم نۇزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرىنىڭ سەۋىيەسىدىن ئۇنى ئوقۇغان، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە دەپ

ھۆكۈم چىقارساق خاتالاشقان بولمايمىز) ھەم دادىسىمۇ ھەقىقىي بىر خەلق قوشاقچىسى ئىكەن. نۇزۇگۇمنىڭ سۆيگىنى باقى بولسا دادىسىنىڭ شاگىرتى ئىكەن.

يۇقىرىقى ئاغزاكى بايانلارنى كەسكىن توغرا دېيىشكە ئاساسىمىز بولمىسىمۇ، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئەمدى بىز ئۆزىمىز ئېرىشكەن ماتېرىياللاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرالايمىز:

1) نۇزۇگۇم تارىختا ئۆتكەن بىر رېئال شەخس.

2) 1805□1810 ـ يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان.

3) ئۇ ئوقۇغان قوشاقلاردىن ئۇنى موللا دېگىلى بولمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ ساۋاتلىق ئىكەنلىكى، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق.

4) توي قىلغان، قىلمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. موللا بىلاللىنىڭ قەلىمىدىكى نۇزۇگۇمنىڭ قوشىقىدا:

چەمپەن بېرىپ ئۆلتۈرگەن،

ئۈچ ياشتىكى بالامنى.

دېيىلگەنلىكىدىن توي قىلغان چوكان دەپ بىلىمىز. ھېيىزخان مەخسۇمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ چاغدا نۇزۇگۇم ئەمدى رەسىدە بولغان قىز ئىكەن. باشقا ئەسەرلەردىمۇ تولىراق قىز دەپ تەسۋىرلەنگەن. خەلق داستانىدىكى قوشاقتىمۇ مۇنداق كەلگەن:

ئون گۈلىنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغان نۇزۇگۇم،

پۈراقلىرى بىر يولى، چىچىلمىغان نۈزۈگۈم .

بۈنىڭدىن قىز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قىسقىسى، بۇ بەك مۇھىم ئەمەس.

5) ئۆلىغا سۈرگۈن قىلىنغان، زىلۋابوي، چىرايلىق.

6) ئۆزىنى مەجبۇرلاپ ئالغان سولاننى ئۆلتۈرگەن ۋە قاچقان.

7) تۇتۇلغاندا مويتۇڭزىدا كاللىسى ئېلىنغان (بەزى ئەسەرلەردە، خەلق داستانلىرىدا دارغا ئېسىلغان دەپ كەلگەن. موللا بىلالنىڭ قىسسەسىدىمۇ،شۇنداقلا ھېپىزىخان مەخسۇمنىڭ بايانىدىمۇ كاللىسى ئېلىنغان دېيىلگەن، شۇڭلاشقا مەن مۇشۇ بەكرەك ئىشەنچلىك دەپ قارىدىم).

مانا بۇلار نۈزۈگۈم ھەققىدىكى تارىخى بايانلاردۇر.

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن قايسى يازغۇچىلارنىڭ مەزكۇر تېمىدا قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چىقىمىز.

مەن بۇيەردە ھەجىم ئېتىبارى بىلەن ھەر بىر ئەسەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالمايمەن.

تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىلاردىن كۆزەتسەك جاۋاب روشەنلىششى مۇمكىن.

1، خۇددى بىرىنچى بابتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئوخشاش بىر تېمىنىڭ تەكرارىيېزىلىش ئەنئەنىسى دۇنيا ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە . ئۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ياكى ئەمدى پەيدا بولغان ھادىسە ئەمەس. ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ئىگە، نۈزۈگۈم تېمىسىنىڭ تەكرار يېزىلىشىنى ئەنە

شۇ تارىخىي ئەنئەنىنىڭ، ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

### 2. «نۇزۇگۇم»نىڭ جەلپ قىلىش كۈچى.

نۇزۇگۇمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى نەدە؟

روشەنكى، بۇ نۇزۇگۇم ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قىممەتتىن كەلگەن. نۇزۇگۇم مۇجەسسەملىگەن قىممەت ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ جەۋھىرىي قىسمىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. يالغۇز بىرلا نۇزۇگۇم ئوبرازىغا، ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن يۈكسەك ئەخلاق - ئىپپەت ئەنئەنىسى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا بويى ئەگمەيدىغان، زالىملارغا تىز پۈكمەيدىغان، ئېگىلمەس - سۇنماس روھى؛ نومۇس - ئىتقاد تۇيغۇسى؛ يۇرت ۋەتەننى سۆيۈشتەك يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مۇجەسسە،ملەنگەن. بىز بۇ نوقتىلارنى يۇقىرىقى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىدىنمۇ روشەن كۆرەلەيمىز.

دېمەك، مانا مۇشۇنداق يۈكسەك قىممەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن نۇزۇگۇم ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مەڭگۈ ئەسلەيدىغان، مەڭگۈ ئۇلۇغلايدىغان، مەڭگۈ ئۆگىنىدىغان بىر ئۆلمەس، قىممىتى كونىرىماس ئۆلگىنى تىكلىگەن. «نۇزۇگۇم» قىممىتىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى دەل ئۇنىڭ توختىماي يېزىلىشىنى بەلگىلىگەن.

3. نۇزۇگۇمنىڭ قىز ئىكەنلىكى. مېنىڭچە، بۇ نوقتىمۇ ناھايىتى مۇھىم. تارىختىن بۇيان، ھەر قانداق مىللەتكە قەھرىمانلىقنى ئاساسەن ئەرلەرگە باغلايدۇ. ئاياللار ئەزەلدىن نازۇكلىقتا، ئاجىزلىقتا، ئەرلەر باتۇرلۇقتا، كۈچكە سىمۋول بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، بىزدىمۇ باتۇرراق قىز ئاياللارنى «ئوغۇلبالىدەك ئىش قىلدىڭىز» دەيدىغان ئادەت بار. ھەرگىزمۇ

ئەرلەرنى قىز بالىغا ئوخشتىپ مەدھىيەلىمەيمىز. بەلكى، بۇ ھاقارەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئەمدى 20 لەرگە كىرگەن بىر قىز بولۇش سۈپىتى بىلەن نۆزۈگۈمنىڭ بۇنداق جاسارىتى، قەھرىمانە ئىش - ئىزلىرى ھەقىقەتەن بەكلا كەم ئۇچرايدىغان بىر قەھرىمانلىق ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا، بىزدە سادىر پالۋاندەك باتۇ قەھرىمانلار ئۆتكەن، نېمىشقا ئۇلار بۇنداق كۆپ يېزىلمايدۇ. مېنىڭچە، جاۋاب تولىمۇ روشەن.

4. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىكى دىداكتىك روھ. بۇنىمۇ يەنىلا كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر قايسى يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن دىداكتىك روھ خېلىلا روشەن. يازغۇچىلىرىمىزدا پەند - نەسىھەت، ئەسەر ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، ياخشى ئۈلگە يارىتىش ئېڭى كۈچلۈك. يازغان ئەسەرلىرى، ياراتقان ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. نۇزۇگۇممۇ دەل ياشلارنىڭ، بولۇپمۇ خانىم - قىزلارنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۈلگىسى بولغاچقا، يازغۇچىلىرىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق روھى بۇ تېمىدا قەلەم ئېلىشقا تۈرتكە بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە نۇزۇگۇم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش مېنىڭچە تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا كېرەك.

ھەر قېتىم «قانۇنچىلىق گېزىتى» نى ئوقۇسام، ئاجايىپ خىياللارغا چۆمۈپ كېتىمەن، ھەر سانلىق «قانۇنچىلىق گېزىتى» گە چىقىۋاتقان باسقۇنچىلىق ئەنزىلىرى مېنى بەكلا بىئارام قىلىدۇ. ئويلاپ كېتىمەن، نېمانچە تولا يۈز بېرىدىغاندۇ بۇ ئىش؟ گېزىتكە چىققىنىغۇ ئاشكارىلانغىنى ، ئاشكارىلانمىغىنى قانچىلىكتۇ؟ يا بۇ رېئال تۇرمۇشتا ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ئىش، بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ھەيران قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئادەم دېگەن مۇقەررەرلىكنى چۈشىنىشى، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى ئۆگىنىشى كېرەك

دەپ كۆڭلىمىزنى ياسىشىمىز كېرەكمۇ؟ تىغرا، ئىنسانلا بولىدىكەن، ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ جەمئىيەتتە بۇ خىل قىلمىش، جىنايەتلەردىن ساقلانماق مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىنسان ئۆز نەپسى ئالدىدا ھەقىقەتەن ئاجىز يارىتىلغان، شۇنداقلا شۇ نەپسىنى كونترول قىلغۇدەك ئەقىل، ئىرادىمۇ بېرىلگەن، ئىنساننىڭ ھەقىقى كامىللىقى مانا مۇشۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى كۆرەشتە ئاندىن شەكىللىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككىدىن قايسىنى تاللاش ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش.

ھەقىقەتەنمۇ ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقسىزلىق، جىنايەتتىن پۈتۈنلەي خالىي بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق جەمئىيەت تارىختا ھەم بولۇپ باقمىغان. ئەمما ئۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەرگىزمۇ ھەر قانداق ناچار قىلمىشقا سۈكۈت قىلىش، كارى بولماي ئۆز ئېقىمىغا قويۇۋېتىش كېرەك، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى جىنايەت، بۇزۇلچىلىقلارغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەيدىغان، ئۇنىڭغا كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان، شۇنداقلا شۇ خىل قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرى ئومۇمىيۈزلۈك گۈزەللىكنى تەشەببۇس قىلىپ ، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىدىغان جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تامامەن مۇمكىندۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار جەمئىيىتى يېتەلەيدىغان ئەڭ يۈكسەك، يۇقىرى پەللىمۇ شۇ. گۈزەللىككە ھەر قانچە ئىنتىلگىنىڭ بىلەنمۇ بەربىر رەزىللىكنى تۈپتىن يوقۇتالمايسەن، بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىققا قانچىلىك قارشى تۇرساڭمۇ، ئۇ بەربىر مەۋجۇت، دېگەندەك قاراشلار بىلەن جەمئىيەتتە يامراۋاتقان ئەخلاقسىز قىلىشلارغا سۈكۈت قىلىش، ئۇنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئاۋامنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش، ماھىيەتتە شەيتان قوشۇندا سەركەردە بولغانلىقتۇر. ئەگەر مۇشۇنداق قاراشنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز پاھىشە بوپكەتسىمۇ توغرا چۈشىنىك قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەنە شۇ ئەنزىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئوقۇپ، يۈز بېرىش سەۋەبىنىڭ ئاددىيلىقىدىن ياقامنى چىشلەشكە مەجبۇر بولىمەن، ئاخشام QQدا كۆرۈشكەن بالا تېلېفون قىپتىكەن كۆرۈشەيلى دەپ، گەپ ـ سۆزىدىن خېلى يامان ئەمەستەك قىلاتتى، شۇڭا چۈشۈپتىكەنمەن، كېيىن چىقىپ كېتەي دېسەم ئۇنىماي، مېنى قورقۇتۇپ تاكسىغا سېلىپ مېھمانخانىغا ئاپاردى... كەچتە بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ كېلىۋاتسام، ئىككى ئۈچ بالا ئالدىمنى توسۇپ... دىسكوخانىدىن چىقىپ، ماشىنا ساقلاۋاتسام، ئىككى ئۈچ بالا مەجبۇرىي تاكسىغا چىقىرىپ... دېگەندەك گەپلەر. مانا مۇشۇ گەپلەرگە قاراپ بەزىدە ئىشىنەلمەي قالىمەن، نېمانچە ئاسان بوپكەتتى بۇ ئىش. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قايسىبىر سانىدا 14 ياشلىققۇ دەيمەن، بىر قىز بالىنىڭ بىر نەچچە ھايۋاننىڭ چاڭگىلىدىن باتۇرلۇق بىلەن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. مۇشۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كاللامدا گۇمان تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئەلۋەتتە، باسقۇنچىلىق جىنايىتىدىكى باش جىنايەتچى ئەرلەر، ئەمما بىز ئۇلارنىڭ قانداق شارائىتتا ئۆز مەقستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىغا كەلسەك، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىزلارنىڭ نادانلىق، بوشاڭلىقىغىمۇ كۆز يۇمالمايمىز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق كەچتە قېلىش، يالغۇز قېلىشلار تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئەنە شۇ قىزلارنىڭ كەچ قالسا ، نەگە باردىڭ؟ كىملەر بىلەن بىللە يۈردۈڭ؟ دەپ سورايدىغان ئاتا ـ ئانىسى باردۇ، شۇ قىزلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدا شۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ قولى، ھەسسىسى بار دەپ ئويلاپ قالىمەن، بەلكىم بۇ سەل ئاتا ـ ئانىلارغا نىسبەتەن ئۇۋال قىلغانلىق بولار، ئەمما ئۆستەك بويىدا ئويناۋاتقان بالىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، توسمىغان ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالسا، مەسئۇلىيىتى يوق دېگىلى بولارمۇ؟

ئىشقىلىپ جاھان تەرەققىي قىلىپ نەگە بارسۇن، مەن بىر قىز بالىغا نىسبەتەن: «ئىپپەت دېمەك، جان دېمەك» دېگەن قارىشىمنى ئۆزگەرتمەيمەن، ھەتتا: «يىگىتلەرمۇ

ئىپپىتتىگە سەل قارىغان قىزلار بىلەن تويى قىلماسلىقى كېرەك» دەپ قارايمەن، چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە، ئىپپىتتىگە سەل قارىغان ئادەم تۇرمۇشتا باشقا نۇرغۇن ئىشلارغىمۇ چوقۇم سەل قارايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەر ـ خوتۇننىڭ تويدىن كېيىنمۇ بەختلىك ياشاش مۇمكىنچىلىكى بەكلا تۆۋەن، بۇنداق ئەھۋالدا پەقەت ئەر پىشانىسىنى سىلىۋېتىپ، ئا غا ئەنى قوشسىلا ‹بەختلىك› بولغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئىپپەت دېگەن نېمە؟ نېمىشقا ھازىر بىزدە ئۇنى قەدىرلەش روھى سۇسلاپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭدا ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟ دېگەندەك تولا سورالغان سۇئاللارنى يەنە مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى، بۇ گەپلەر تولا دېيىلدى، ئەمدى مەسىلە ئۇنى قانداق قوبۇل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشتا.

ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئىچكى ئاڭلىقلىقى تۈرتكىسىدە ھەركەت قىلىشى ئەڭ توغرا، ياخشى يول، ئەمما بۇ تولۇق ئىشەنچلىك يول ئەمەس، چۈنكى ئادەم بەزىدە ياخشى ـ ياماننى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن ئوڭايلا كېلىشىۋالالايدۇ، چۈنكى ۋىجداننىڭ ئۇنى جازالايدىغان كۈچى يوقتە. ئادەمدىكى ئاڭلىقلىق تولىمۇ نىسپىي نەرسە، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزىنى بىلىۋېلىشىغا، ئاڭلىقلىقىغا تاشلاپ قويۇشى، بالىلىرىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىشى، ئەمەلىيەتتە، بالىلىرىنىڭ تەقدىرىنى دورغا تىككەنلىكتۇر. مەن ھازىر تىلغا ئالغان نىسپىيلىك، دەل مەلۇم بىر ئەمەلىي، كونكرېت چەكلىمە ياكى نازارەتنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىپپەتنى تىلغا ئالغاندا، دىققىتىمىز قوزغىلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر ئەجەللىك ئاپەت ـ يېنىمىزدا يامراۋاتقان ئەيدىزدۇر. ھەممىمىز ئەيدىزنىڭ يۇقۇش يوللىرىنى بىلىشىمىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاسانلا يۇقىدىغان كېسەل ئەمەس. ئەيدىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتۈشى، تىرگېدىيە ۋە ئاچچىق

ھەقىقەتتۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردا زىنا ۋە زەھەرنىڭ ئومۇملىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتىدۇر، مانا بىزدىكى ئەخلاق، ئىپپەت ئىگىنىڭ سۇسلىششى ئەيدىزنىڭ تارقىلىشىنى چەكسىز ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا بارلىق ئۇيغۇر بېشىنى كۆتۈرمىسە، چۆچۈمىدە، ئۇنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن خىزمەت قىلمىسا، پات ئارىدا ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ قوشۇنىمىزدىن، تۇغقانلىرىمىزدىن، ئائىلىمىزدىن چىقىشىغا ئىدىيەۋى تەييارلىق كۆرۈپ قويساق بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا نۇزۇگۇم روھىنىڭ ئۆلمەسلىكىنى، نۇزۇگۇم ئۆلۈمىدىكى قىممەتنىڭ ئەبەدىيلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمەن، قىزلارنىڭلا ئەمەس، ئەركەكلىرىمىزنىڭمۇ نۇزۇگۇم روھىنى ئەسلىشىنى، ئۇنىڭ روھىدىن ئۆزىگە ئوزۇق قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. نۇزۇگۇم تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلمىدى، خەلق ـ ۋەتەنگە ئالەمشۇمۇل تۆھپە ياراتقىنىمۇ يوق، ئۇ پەقەت ئۆز ئىپپىتى، پاكلىقى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى، ئىپپىتىنى جېنىدىن ئەلا بىلدى.

بىز ئۈچۈن نۇزۇگۇمنى ئەڭ ياخشى ئەسلەش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر يېزىش، قىزلىرىمىزغا نۇزۇگۇم دەپ ئىسىم قويۇشلا ئەمەس، نۇزۇگۇم روھىنى ئۆز ئىش ھەركىتىمىز بىلەن تىرىلدۈرۈشتۇر.

## *جاھاندا ئەڭ قاتتىق نەرسە نېمە ؟*

مۇئەللىپى : ئابدۇرېھىم دۆلەت

بىز ھازىر ھەممە نەرسە سېتىلىدىغان جەمئىيەتتە ياشاۋېتىپتىمىز ، ئەگەر بىز سېتىۋېلىشنى خالىساقلا ، ھەم پۇلىمىز بولسا ، ھەممە نەرسىنى سېتىۋالالايمىز . بەلكىم بۇ ھەممىگە ماددىي مەنپەئەت ھاكىم ـ قازى بولغان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يەنە بىر پاجىئەسى بولسا كېرەك . پۇلغا

ھەممنى سىتىۋالغىلى بولامدۇ ؟دېگەن سوئال بىردەك ھەممەيلەننىڭ : ياق ! دېگەن جاۋابىغا ئېرىشكەن .

ئەمما ئۇ بىزنىڭ نەسىر ، نۇتۇقلىرىمىزدىكى ئۇندەش جۈملىلەردىلا قېپقالدى ، رېئاللىق بولسا يەنىلا پۇلنىڭ قۇدرىتىنى ئالىي رەۋىشتە نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ .

بىز جەمئىيەتتىن شۇنداق كىشلەرنى ئۇچرىتىمىزكى ، ئۇلار پۇلغا گۈزەللىكنى سىتىۋالغىلى بولمايدۇ ، دېيىشىدۇ ، ئەمما پۇلغا گۈزەل قىزلارنى سىتىۋالىدۇ . مۇھەببەتنى سىتىۋالغىلى بولمايدۇ ، دېيىشىدۇ ، ئەمما نىكاھنى سىتىۋالالايدۇ.

ھەتتا ھازىر كىشلەرنىڭ ۋىجدان ، ئىمانىمۇ نۆۋەتى كەلگەندە بىر دوملاپىلا تاۋارغا ئايلىنىدۇ ، ئۇمۇ ئوخشاشلا سىتىلىدۇ . دېمەك ، بۇ دەۋر ئىنسان ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بارلىق ماددىي ـ مەنىۋىي ئېلېمېنتلاردىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدىغان بىر دەۋر .

« جاھاندا ئەڭ قاتتىق نەرسە نېمە ؟ » _ «مۇھتاجلىق ! » . شۇنداق ، بۇ جۈملىنى باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ئوقۇغىنىم يادىمدا .

ئادەمنىڭ ئىنتىلىشتىن قىلغان ئىشلىرى بىلەن مۇھتاجلىقتىن قىلغان ئىشلىرى روشەن پەرقلىنىدۇ . ئىنتىلىش ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلسا ، مۇھتاجلىق پاسسىپ روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئىنتىلىش ئەركىنلىككە دالالەت قىلسا ، مۇھتاجلىق قۇللۇققا دالالەت قىلىدۇ . ماھىيەتتە بۇ ئىككىسى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى . ئىنتىلىش _ مۇھتاجلىقنىڭ ئالىي ماقامىدىكى مۇقەددەسرەك ئىپادىسى ، ئۇنىڭدا خىلمۇ خىل تاللاش ئىمكانىيىتى بار . ئەمما ، مۇھتاجلىق مەجبۇرلۇقتۇر ، بۇنىڭدا بويسۇنۇشلا بار ، تاللاش يوق ، مەن ئويلايمەنكى ، ئىنسان پائالىيىتى بۇ ئىككىسنىڭ

مۇۋاپىق بىرلىكىدىلا ئاندىن مۇكەممەللىككە يەتسە كېرەك . مۇھتاجلىق رېئاللىقنى ، ئىنتىلىش غايىنى كۆزدە تۇتىدۇ . مۇھتاجلىقنى بايقىيالماي ، ئىنتىلىپلا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى نەتىجىسىز بولىدۇ ، ئەمما ، ئىنتىلىشنى تەرك ئېتىپ مۇھتاجلىق ھەلەكچىلىكىدىلا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئۇلۇغۋار بولمايدۇ ، ھەتتا بەزىدە پەسكەشلىشىپ كېتىدۇ . ئەمما ھەممىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئادەمنىڭ نېمىگە ئىنتىلگەنلىكىدە ، نېمىگە مۇھتاجلىقىدا ، ئىنسان ئۈچۈن تاللاشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ سىناق .

مانا ھازىر بىز شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋېتىپتىمىزكى ، بىز ساناقسىز مۇھتاجلىقلار بىلەن قورشالغان ، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ئارمانلىرى نەلەردە ئۇنتۇلغان . مائاشقا مۇھتاج ، ئوقۇش ئارمان . خوتۇنغا مۇھتاج ، مۇھەببەت ئارمان . . .

ئېنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئارمىنىم دەيسىز ، ئەمما ، نېمىشقا ؟ دەپ سورىسا ، دەۋرنىڭ تەلىپى دەيسىز ، مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئارمان ئەمەس ، ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . دەۋر تەقەززا قىلمىغان ، ئەمما ھەر قانداق دەۋردە بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز ؟ مېنىڭچە ، ياق ، بۇنداق كىشىلەر بەك ئاز .

ئىنسانلار ھەرقانداق بىر دەۋردە ياشاش ئۈچۈن ئىلمىگە مۇھتاج بولغان ، ئەمما بۇ خىل مۇھتاجلىق بۈگۈنكىدەك تەخىرسىز بولمىغان . بىلىملىك بولغانلىنىڭ ئالامەتلىرى بولمىش دىپلوم ، ئۇنۋان ـ كىنىشكىلەر بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىختىراسى ، كىشىلەر ھازىرئۆز سالاھىيەتلىرىنى شۇلاردىن ئىزدەيدىغان بولدى . بۇ خىل سۈنئىي سالاھىيەتلەر قانچە خىلمۇ خىللاشقانسېرى ئەسلى ئىنسانلىق سالاھىيەت بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ ، ئادەملەر سەن كىم ؟ دېگەن سوئالغىمۇ دەرھال جاۋاب بېرەلمەي ئېسەنكىرەپ قالىدىغان بولدى .

ئەمەلىيەتتە ، بۇلارنىڭ بولۇشى خاتا ئەمەس ، ئەمما ھەممىنى شۇنىڭدىن ئىزدەش ، شۇنى

ئۆزلىرىنىڭ ماركىسى قىلىۋېلىش خاتادۇر . چۈنكى ، ئىنسان ئۈچۈن ئىنسان دېگەن ماركىلا يېتەرلىك شەرەپ ، ئادەم بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرەپنى قوغلاشقاندا ، تاپتىن چىقىدۇ .

ساختىلىق _ قارا يۈرەكلىك بىلەن مۇھتاجلىقنىڭ مەھسۇلى . هازىرغا قەدەر ئىنسانلار ساختىلىق ئىشلەتمىگەن هېچنېمە قالمىدى . ئۆلارنىڭ ئىچىدە ئىلىم ـ مائارىپقا ئىشلىتىلگەن ساختىلىق ئادەملەرنى ئەبەدىي پۇشايماندا قالدۇرىدۇ ، بىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز بۇنىڭ زىيىنىنى مەڭگۈ تارتىمىز . ئۇنداقتا ، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسى ياكى مائارىپى قانچىلىك پاكىز ؟

هازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن دىپلوم ، ئۇنۋانلارمۇ ئۆلارنىڭ ئىلىم سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى نان يېيىش دەسمايىسىغا ئايلىنىپ قالدى . هازىر دىپلومىڭىز يوغىنىسا ، قولىڭىزدىكى زاغرا كاكچىغا ، بېشىڭىزدىكى تەلپەك شىلەپىگە ئالمىشىدۇ . مانا بۇ خىل زۆرۈرىيەت جەمئىيىتىمىزدە ئىنتايىن تېزلىكتە جەمئىيەت ئىلىم ساھەسىنىڭ ھەر قانداق بىر ساھە ،

قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن ئىلىم ساختىلىقى ھادىسىسىنى پەيدا قىلدى . يېڭىدىن خىزمەتكە چىققان ۋاقتىمدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنۋان باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىپ قالدىم . ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىلار بىرەر ئوقۇتقۇچىنى كۆرستىدىغۇ ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن ، ئەمەلىيەتتە ئۇنۋان دەۋاگىرى ئار ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ " جاپالىق " خىزمەت شارائىتىدا " هارماي ـ تالماي " ئىشلەپ قولغا كەلتۈرگەن " شانلىق " نەتىجىلىرىنى ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك قايىنىتىپ تۆرۈپ ئوقۇپ چىقىدىكەن ( يازغان كەمچىلىك ـ يېتەرسىزلىكلىرى بىرەر ۋاراقمۇ چىقمايدۇ ) ، ئاندىن بىز ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى قايتا تىلغا ئېلىشىپ ، ئۇنىڭ ھەققەتەن شۇ ئۇنۋانغا لايىقلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىدىكەنمىز .

ناۋادا بېرىلگەن سان نامزاتلارغا يېتىشمىسە ، ئۇيۇننىڭ قىزىقى شۇ يەردە ، ئۇ يەردىكى تالاش ـ تارتىشلارنى سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ ، بىر قويۇپ بەرگىلى بولسا ، دەپ قالىمەن . مەن ئەسلىدە ئۇ تالاش ـ تارتىش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئەمەس ، بەلكى نامزاتلار ئارىسىدا بولىدۇ ، ئادەم ئۆز ئۇتۇقلىرىنى ئاشكارا دېيىش ، پەش قىلىشتىن يۈزى قىزىرىدۇ ، دەپ ئويلايتتىم ، ئۇلار ماڭا مېنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويدى . ھەتتا ئۇلار شۇ تۆپەيلى بىر ـ بىرى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ ، قاراشمايمۇ يۈرىشىدۇ . بەزىلىرى ھەتتا بۇ يىل نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ . بۇ ، " بۇلتۇر پالانى باھالانغاندا غىڭ قىلمىدىم ، ھازىر مېنىڭ ستاژىممۇ ئەڭ ئۇزۇن ، قىلغان خىزمىتىممۇ ئاز ئەمەس ، ئەمدى مەن بۇ يىل باھالىنىۋالالمىسام كېلەر يىلى يەنە بىر نەچچىسى چىقىدۇ ، دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال باھالىنىۋالاي ، تەشكىل بۇنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ قويسۇن " دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ بۇلارچە بولغاندا ئۇنىۋان خىزمەتنىڭ سۈپىتىگە ئەمەس ، ستاژىغا كېلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن تەشكىلمۇ " ئادىمگەرچىلىك " قىلىدۇ .

ئۇنىۋان ئۈچۈن باشقىلارغا ماقالە يازدۇرۇش ، ئۆزنامىدا ئېلان قىلدۇرۇش دېگەنلەر ھازىر ھېچكىم ئېغىر ئالمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ كەتتى .

يىلى ساۋاقداشلىرىم ئۈرۈمچىگە دىسسېرتاتسىيە ياقلىغىلى كەلگەندە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەلدىم . ئۇلار دېگەن گەپلەر مېنى بەك ھەيران قالدۇردى . يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى : " سىز خوتەندىن كەلدىڭىزمۇ ؟ خوتەننىڭ ياڭىقى داڭلىق ھە " دېگەندەك ئىما ـ ئىشارەتلەرنى قىلغانمىش ، ھەتتا بەزىلىرى خېلى ئاشكارىلا مەقسەتنى بايان قىلغانمىش ، دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى خەققە يازدۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما يېتەكچىلىرىنى " رازى " قىلغانلارنىڭ ماقالىلىرى " ئەلا " باھالاندى . مانا بۇ ، رايونىمىزدىكى بىرقىسىم ئالىي

بىلىم يۇرتىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ كومپىدىيىلىرى ، بۇمۇ مۇھتاجلىقتىن كېلىپ چىققان پەسكەشلىكمۇ ؟

ھازىر ئۇرۇمچىنىڭ ئاممۋى تېلېغونلىرى ، دۇكانلارنىڭ ئەينەكلىرى ، ھەتتا ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەرنىڭ پەشتاقلىرى . . . ئىشقىلىپ ، كۆزگە تاشلىنىدىغانلا ھەر قانداق بىر يەرگە قارىسىڭىز ھەر قانداق دىپلوم ، كىنىشكا بېجىرىشتىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . " كىنىشكا بېجىرىمىز " دېگەن خەتنى ھەر قانداق يەردىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ . ئۇلار ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي ، ئەنسىرىمەي ، يانفون ، چاقىرغۇلىرىنىڭ نومۇرلىرىنى يېزىپ قويۇشىدۇ . بۇ يەردىكى ئېغىر مەسىلە ، بۇ خىل ھادىسىنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىدە ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇنچە ئەركىن ئومۇملىشىپ كېتەلىگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا مەسئۇل ئورگانلارنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىدا .

ئەمەلىيەتتە ئۇلار دىپلوم ، كىنىشكە ئەمەس ، بەلكى  ئۇلار باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى سېتىۋاتىدۇ . ئۇلار چىقارغان باھالار ,  كىشىنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا چىقىرىلغان باھادۇر !

ئالىي مەكتەپ قانداق جاي ؟ ئۇ قانداق بولۇشى كېرەك ؟ بۇ مەسىلىلەر بەلكىم بىزنىڭ شۇ يەردە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگىمۇ تېخى ئايدىڭ بولمىسا كېرەك . بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ، بىر مىللەتنىڭ ، بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ، ئىستىقبالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بولىدۇ

ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇنىۋېرسىتېت روھى ، خىسلىتى بولۇشى كېرەك ،ئۇ پۇل ، ھوقۇقنى ئەمەس ، ئەقىل ـ ۋىجداننى تۇۋرۇك قىلىشى كېرەك . ئۇ ، ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس تۆپرىقى بولۇشى كېرەك . ئۇ ھەر قانداق چىرىكلىك ، پەسكەشلىكنى سىغدۇرالمايدۇ . ئۇ تارىخىي بىلىملەرنىڭ " كۆۋرۈكى " ياكى باشقىلارنىڭ بىلىملىرىنى

پىششقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ئەمەس ، بەلكى ئىجادىيلىققا باي دەۋر روھىنىڭ بالىياتقۇسى ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەدەنىيەت يارىتىدىغان بۆشۈك بولۇشى كېرەك . ئۇ پاسسىپ ھالدا جەمئىيەت تەرىپىدىن يېتەكلەنمەستىن ، بەلكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك . ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى ئىلىم ئەھلىلىرىدىكى ، ھەرگىزمۇ " ئىجتىمائى ئالاقىچى " ، " ئىلمىي پائالىيەتچى " ئەمەس ، مۇدىرلىرى بولسا " ئۇنىۋېرسىتېت روھى"نىڭ ئوبرازلىرى ۋە ئىلغار مائارىپشۇناسلار

قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىر ئەرەب ماگناتىنىڭ ئۆز ئىسمىنى قويۇش بەدىلىگە بېرىدىغان غايەت زور ياردەم پۇلىنى رەت قىلغان ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بولسا ، ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى رېگاننىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش تەلىپىنى رەت قىلغان . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان مۇقەددەسلەشكەن بىر ئۇنىۋېرسىتېت روھى ، خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان پرىنسىپى شەكىللىنىپ بولغان .

ھازىرقى زاماندا ئالىي مەكتەپ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، جەمئىيەتنىڭ مېڭىسىدۇر ، بۇ يەردىن چىققانلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى ، كىشلەرنىڭ ئىلغارلىرىدۇر . ئۇلار جەمئىيەتنى ساغلام بىر نىشانغا يېتەكلەشكە ، ئاۋامنى ئاقارتىشقا ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىشكە ، ئۇلار چۈشىنەلمىگەننى چۈشەندۈرۈشكە ، بىلمەي قالغاننى بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك . ئۇلار خۇددى تۇزدەك پۈتكۈل جەمئىيەتكە تېتىشى كېرەك . بولمىسا شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى ئىكەنلىكىدەك زاكۇنلارنىمۇ چۈشەنمەي يۈرۈيدۇ .

ئەپسۇس ، بىز ھازىر ستودېنتلىرىمىزدىن بۇلارنى كۈتەلەمدۇق ؟ھازىر بۇلارنىڭ جەمئىيەتكە يۈك بوپقالماي ئۆزىنىڭ جېنىنى باقالىغانلىقىدىن خۇش . ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرى ئالىي مەكتەپتىن " ساق " قايتىپ كەلگىنىدىن ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن قېچىپ كەتمىگىنىدىن

خۇش ، ئوغۇللىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالمىغىنىدىن خۇش . دېمەك ، بۇلاردىن بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراق بىر نەرسىنى كۈتكىلى بولمىغاچقا ، بىز تەلەپ ـ ئۆلچەملىرىمىزنى شۇنچىلىك قىلىشقا مەجبۇر . بىز ھازىر ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ ، يامانلىق قىلمايدىغان ئادەملەرنى ياخشى دەپ ئاتايمىز . مۇتلەق كۆپ سانلىق ستودېنتتىن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى ، غايە ، نىشان كۈتۈش.........

كىرىزىس ھەرخىل بولىدۇ ، ئەمما بۇ كىرىزىسلار شۇنىڭ ئۈچۈن پاجىئەلىك ، تەخىرسىزكى ، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ، خەلقىنىڭ ، ۋەتەننىڭ مېڭىسىدە .

مېڭىسىدىن چاتاق چىققان ئادەمدىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن !

يەنە بىر تۇۋۋا

بۈرۈنقى كىشىلىرىمىز ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ھازىرقىدەك ياخشى بولمىسىمۇ ، نەچچە بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشالايتى . تۇرمۇشىمۇ خاتىرجەم ئۆتەتتى . ئەمما ھازىر بولسا بىر بالىنىمۇ تۈزۈك بېقىپ بولالمايدىغان نان قېپى ئاتا ـ ئانىلار ھەر جايدىن تېپىلىدۇ .بالىغا بېرىدىغان مېھرىنى ئۆزىنىڭ ئاتالمىش يۈز ئوبرويىنى دەپ جەمىيەتتىكى ئىستمال قايىنىمىغا ئاتىۋەتكەن ئاتا ئانىلاردىن قانداق ئۈمۈتلەرنى كۈتۈش مۇمكىن . مېنىڭچە ھازىرقى كىشىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى يامان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ . بۇرۇنقىلارنىڭ ئاددى ـ ساددا تۇرمۇشى بويىچە ياشىغاندا ، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشقا قۇربى يېتىشى مۇمكىن .

ئەمما بىزنىڭ ھازىر پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان نەرسىلىرىمىز ھەققەتەن بەك نۇرغۇن . بىر ئايال بىزنىڭ ئورنىغا كومپيۇتېر سېتىۋالغىلى كەپتۇ ، ئۇ بىزگە ھەم ئەرزان ، سىرتقى كۆرۈنىشى كۆركەم بولغان كومپيۇتېردىن بىرەرنى كۆرستۈپ بېرىشنى ئېيتتى . بىز بۇ ئايالدىن كومپيۇتېرنى نىمگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سورىۋىدۇق .ئۇ بىزگە مەنغۇ كومپيۇتېر دىگەن

نىمنى چورت بىلمەيمەن . ئەمما باشقىلارنىڭ سېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆزەمنىڭمۇ
سېتىۋالغۇسى كېلىپ قالدى . ئۆيۈگدە كومپيۇتېر بارمۇ دەپ بىرەرسى سوراپ قالسا ، يوق
دېسىمۇ سەت تۇرىدىكەن دىدى .

پەقەت سەت تۇرىدىكەن دىگەن گەپ بىلەنلا نەچچەمىڭ يۈەنگە كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ ،
ئۆيگە زىننەت بۇيۇم ئورنىدا قويۇپ قويۇش نىمىدىگەن قاملاشمىغانلىق . ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى
بولىسىغۇ ئالسا ، ھېچقانداق ئېھتىجى بولمىغان ئەھۋالدا . ھەي ... ھېلىمۇ خۇدايىمغا
شۈكرى بۇ ئايال قىممەت باھالىق كىيىم سېتىۋالماي كومپيۇتېر سېتىۋالماقچى بوپتۇ ، بىرەر
كۈنلەردە چوقۇم ئەسقاتىپ قالىدۇ . دەپ ئويلىدىم مەن .
مۇشۇنداق بولسا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كېلىپ چىقماي نىمە بولاتتى . جەمئىيەتتە يۇقارقى
مەسىلىگە تەدبىقلاشقا بولىدىغان ئىشلار ئىنتايىن نۇرغۇن .

دىپلومنىڭ ئىشىغا كەلسەك ، مەن ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەقەت ، ئەشۇ كېيىنشكە ئوچۇنلا
ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆندىن كۈنگە ھىس قىلىۋاتىمەن . سەللە يوغان ئىمان يوق ، داستىخان
يوغان بىر نان يوق دىگەننىڭ دەل ئۆز مۇشۇ دە .قارىسا دىپلوم شۇنداق چوڭ ، سىنىسا
ئۆگەنگىنىنىڭ تايىنى يوق ،بىر قىسىم كىشىلىرىمىز شۇنچە يىل مەكتەپتە ئوقۇپ نىمىنىمۇ
ئۆگىنىدىغاندۇ ھېچ چۈشىنەلمىدىم .ئەشۇلارنىڭ ئۆگۈنۈش پۇرسىتىنى ماڭا بەرسىچۇ ، مەن
ئاران تولۇقسىزغىچە ئوقىيالىغان ، ھازىرغىچە توختىماي ئۆگۈنىۋاتىمەن . ئۆگەنگەنلىرىم
خۇددى ماڭا يەتمەيدىغاندەكلا تۇيىلىدۇ . بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقىغانلارغا قاراپ ،
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماپتىكەنمەن دەپ پۇشايمانمۇ قىلماس بولدۇم ، چۈنكى بەزى ئالىي
مەكتەپلەردە ئوقىغانلار مىنى بەكلا ئۈمۈتسىزلەندۈرۈپ قويىدى . يەنىلا تىرىشچانلىق ئەڭ
مۇھىمكەن .